

ئابدۇكېرىم مەخسۇت    سۇلتان ماخمۇت

# تولۇن ئاي

ئابدۇكېرىم مەخسۇت    سۇلتان ماخمۇت

# تولۇن ئاي

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

# تولۇن ئاي

(شېئىرلار توپلىمى)

ئابدۇكېرىم مەخسۇت، سۇلتان ماخمۇت

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

مەسئۇل كوررېكتور: نۇربىيە ئەزىز

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن

نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1982- يىل -ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى

1982- يىل -ئايدا بېيجىڭدا 1- قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.44 يۈەن

## نەشرياتتىن

يولداش ئابدۇكېرىم مەخسۇت (تەخەللۇسى بۇلبۇل) 1938 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1946 ـ يىلدىن باشلاپ غۇلجىدىكى "مۇرات مەكتەپ"، "ئىلى بىلىم يۇرتى"، "ئىلى 1 ـ دارىلمۇئەللىمىن"دە ئوقۇغان؛ 1956 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ غۇلجا شەھرىدىكى ئۆزبېك مەكتەپ، غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، غۇلجا شەھەرلىك پارتىيە مەكتىۋى ۋە 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، هازىر غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؛ ئابدۇكېرىم مەخسۇت 1955 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن شېئىر يېزىشقا باشلىغان.

يولداش سۇلتان ماخمۇت 1938 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە تۆۋەن ئوتتۇرا دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھرىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، 1948 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1953 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئوقۇغان؛ 1956 ـ يىل

8 ـ ئايدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، دەسلەپتە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئىشلىگەن، ھازىر شىنجاڭ داشۆيىنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئىشلىمەكتە؛ سۇلتان ماخمۇت 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن.

قولىڭىزدىكى «تولۇن ئاي» ناملىق توپلامغا يولداش ئابدۇكېرىم مەخسۇت بىلەن يولداش سۇلتان ماخمۇتنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

## مۇندەرىجە

### ئابدۇكېرىم مەخسۇت تولۇن ئاي


پوستىمەن. . . . . . . . . . . . . . . 3
كەلدىم . . . . . . . . . . . . . . . . 4
يۇلتۇزمىكىن . . . . . . . . . . . . . 5
ئانا يېزام. . . . . . . . . . . . . . . 6
باھار قوشىغى. . . . . . . . . . . . . 7
يۇرىكىمگە چىك پۇككىن. . . . . . . . 8
رادىيونى پەسەيتمە زىنھار. . . . . . . . 9
ياشلىقتىكى ئوت. . . . . . . . . . . 11
ئانا. . . . . . . . . . . . . . . . . 12
ئانا ناخشىسى. . . . . . . . . . . . 13
مۇھەببەت . . . . . . . . . . . . . . 14
سەيلانە قىل. . . . . . . . . . . . . 15
ۋەتەن ئىشقى. . . . . . . . . . . . . 17
قار ياققاندا. . . . . . . . . . . . . 18

شەھرىمدە سەھەر پەيزى .......... 21

باھار كەلدى .......... 22

يۇرىگى قالدى .......... 24

كاككۇكۇم .......... 25

تىراكتۇرچى يىگىت .......... 26

سۇچى يىگىت .......... 28

تولۇن ئاي .......... 29

قەلبىم مېنىڭ پارە-پارە .......... 30

سىنىڭ كۇلكەڭ .......... 31

ئەيلىگىن .......... 32

يىگىتلەرگە .......... 33

يۇرەك قاپتۇ .......... 34

قىزىمغا .......... 35

سوي .......... 36

بولمىسا .......... 37

ياشلىق باھارىدىن .......... 38

كۇز لىرىكىسى .......... 39

شائىر ئىزىدىن .......... 40

قالغاچ بىلەن سوھبەت .......... 43

ئۇرۇمچى ھەققىدە غەزەل .......... 45

مۇئەللىمىنىڭ ئويىدە .......... 47

رەيھاننىڭ كۈلكىسى (داستان) ....... 54
رۇبائىلار ................ 72
شائىرغا ................. 76
دىلبەر تاپ ............... 77
تەمبۇر ناۋاسى ............ 78
ئوزەمگە ................ 79
نىچۈن مېھرى باھار بولماس ......... 80
كوك قامىر ناخشىلىرى (سىكىل) ....... 81
قەشقەر ھەققىدە مۇخەممەس ......... 95
مېھرىڭنى شەبنەم قىل ........... 98
مۇنزار پەيدا .............. 99
ناخشا تېكىستلىرى ............ 100
چېچەكلىدى ھايات باھارى (مۇستەھ-
زات) ................... 106
گۈل ۋە بۇلبۇل (داستان) ......... 108

## سۇلتان ماخمۇت گۈلشەن چېچەكلىرى

پارتىيە يولى بىلەن ............ 153
بەختىمىزگە بول ئامان ........... 154
تەلكە تاغلىرى ............... 156
باللارغا .................. 158

يۈرىگىمنىڭ قېتىدىن . . . . . . . . . . . 160
قارا ئالتۇن كانىدا . . . . . . . . . . . 164
قىزنىڭ خېتى . . . . . . . . . . . . . 171
قاچان بېرسەن يۈرەك سىرىڭنى . . . . . 175
كەتمەي يېنىڭدىن . . . . . . . . . . . . 177
نىمە سىر بار زادى بۇ ئىشتا . . . . . . . 181
نىمە ھىكمەت باردۇ كوزۈڭدە . . . . . . . 183
ئاقماقتا دەريادەك بەخت قوشىغى . . . . . 185
گۈزەللىك توغرىسىدا . . . . . . . . . . 186
ھەممە يەردە ئۈنىڭ تەرىپى . . . . . . . 187
دوستۇمغا . . . . . . . . . . . . . . . 190
ئوز ئەجرىم بىلەن سۈرسەن ئومۈر . . . . 192
گۈزەل غايە . . . . . . . . . . . . . . 194
سەن مېنىڭ قەلبىمدە جاراڭلىغان ساز . . . 196
ساڭا ھەدىيە . . . . . . . . . . . . . . 198
قەلبىمگە مىسلىسىز يالقۇن تۇتاشتى
(تەبىەت لىرىكىسى) . . . . . . . . . . . 200
گۈللە بولىۋق . . . . . . . . . . . . . 202
ۋەتىنىمىز گۈلىستان (ناخشا تېكىستى) . . 204
كومپارتىيىگە . . . . . . . . . . . . . 205
تارىم . . . . . . . . . . . . . . . . . 208

يەتمەكتىمىز ئارزۇ-تىلەككە (ناخشا
تېكستى) ............... 209
دوستۇمغا جاۋاپ............ 210
باھار ناخشىسى (ناخشا تېكستى).... 211
چىنار.................. 212
يايلاق بۇركۈتى (داستان) ........ 214
ئورلە ھامان............. 246
قەيسەر جەڭچى ئوغلانمەن....... 248
ياش غۇنچىلارغا (سىكىل) ........ 250
ۋەدە.................. 254
ساياھەتنامە (سىكىل)........... 256
قىزىل قىيا تەسراتلىرى (سىكىل)..... 263
جەڭ ناخشىسى............ 272
مەنمۇ سىنى خالايمەن......... 274
تىلەك............... 275
قەشقىرىم (غەزەل)............ 278
پەنگە يۈرۈش قىلىش ناخشىسى (ناخشا
تېكستى) ............... 282
سىنىڭ بىلەن چىچەك ئاتاي....... 283
رۇبائىلار ............... 285
سەنئەت چولپىنى (باللادا)........ 291

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# تولۇن ئاي

# پوستىمەن...

كىچىكىمدىن ئىشتىياقىم زور ئىدى،
قېتىلىشقا جەڭچىلەرنىڭ سىپىگە.
زەڭ سالاتتىم، جەڭچىلەرنىڭ ھەرقاچان،
مېڭىشىغا، تۇرۇشىغا، گېپىگە.

يىگىت بولدۇم، كۆلدى ئارزۇ-ئارمىنىم،
دىلدا يارنىڭ ئېچىلدۇرغان گۈلىدەك.
قاندى ئارمان، شەرۋىتىگە يايرىدى،
ھاياتىدا تاپتى ۋىسال شوخ يۈرەك.

ۋەتىنىمگە ئاشىق بولۇپ تۇغۇلدۇم،
ئاسرايمەن كوز قارچۇغۇمدەك ئەلنى مەن.
كىچىكىمدىن شۇنى سويگەن ئوغۇلتىم،
بۈگۈن ۋەتەن چېگرىسىدا پوستىمەن.

1955 - يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

# كەلدىم

گۇل بېغىڭغا يارىم سېنىڭ مېھمان بولاي دەپ كەلدىم،
گۇل-چېچەكلەر ئارىسىغا رەيھان بولاي دەپ كەلدىم.

بۇلبۇللارنىڭ كۈيلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، ئىشقىمدىن—
ئاشقلارنى تاڭ قالدۇرۇپ شادمان بولاي دەپ كەلدىم.

باغۋەن بولۇپ گۇل ئۇستۇرۇپ، گۇللەپ ئەزىز يۇرتۇمنى،
سېنىڭ بىلەن بۇ بوستاندا ياران بولاي دەپ كەلدىم.

بۇلبۇل دەيدۇ باغدا كوردۇم تاڭ سەھەردە يۇلتۇزنى،
سەن يۇلتۇزغا كوكسىن ياققان ئاسمان بولاي دەپ كەلدىم.

1956-يىل مارت، غۇلجا.



# يۇلتۇزمىكىن؟

ئەگىپ ئوتسەم كوچاڭدىن
رۇجەكتىن كۇلۇپ باقتىڭ.
قىيا بېقىپ ئەي پەرى،
يۇرىگىمگە ئوت ياقتىڭ.

تاغدىكى ئاھۇمۇ سەن،
سامادىكى يۇلتۇزمۇ؟
كورمىگەنمەن يۇلتۇزنىڭ
كۇلگىنىنى كۇندۇزمۇ.

بىدارىمەن ئۇيقۇدىن،
شۇ كوچىنى ئەگىيمەن.
مەستانىمەن ئىشقىڭدا،
سېنى كورسەم سەگىيمەن.

1956-يىل ماي، غۇلجا.

## ئانا يېزام

بەختى پارلاق، مېھرى ئوتلۇق يېزام بار،
گۈلگە تولغان كەڭرى قوينى ـ ئېتىكى.
يۈرەكلەرنى شاتلاندۇردى، كۈلدۈردى
ئوم ھاياتنىڭ پورەكلىگەن چېچىكى.

گۈل يېزامنى سويىمەن مەن ئەزەلدىن،
كىندىك قېنىم تامغاچقىمۇ قوينىغا.
بەرگەن ئۇچۇن ۋۇجۇدىدا بارىنى،
يۈرىگىمنى تۇمار قىلدىم بوينىغا.

ئوتتى مېنىڭ يىگىتلىكىم ـ ياشلىغىم،
بۇلبۇل، كاككۇك ماكان قىلغان باغلاردا.
ماڭلىيىمدىن ئاقتى ئۈنچە تەرلىرىم،
تاڭ سەھەردە گۈزەل ئايدىڭ چاغلاردا.

گۈل يېزامنىڭ جامالىغا مەھلىيا ـــ
كۈندۈز قۇياش، تۈن كېچىدە تولۇن ئاي.



تەڭكەش بولۇپ بۇلاقلارنىڭ كۈيىگە،
جاراڭلايدۇ شوخ ناخشىلار توختىماي.

بەخت بېغى، ئانا يېزام گۈلشىنىم،
مىڭ ئۇرگۈلۈپ باشلىرىڭدىن گۈل چاچاي.
سانسىزلىغان بۇلبۇل ئەيلەپ جىسمىمنى،
مەدھىيەمنى ئومۇر بويى ياڭرىتاي.

1957 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۇرۇمچى.

## باھار قوشىغى

كەلدى باھار باغلار ئارا، بۇلبۇل خوشال قىلدى ناۋا،
نۇر ئىلكىدە يايراپ ھايات، ئۇچتى چىمەن باغدىن سابا.

باغلار گۈزەل، تاغلار گۈزەل، گۈل لېۋىدىن ئاقتى ھەسەل،
سازەندە شات چالسا راۋاپ، كاككۇك ئۇنى تەڭكەش ئاڭا.

ئىش قايىندى باغلاردا شات، بولدى ۋەتەن زەپمۇ ئاۋات،
مىليون يۈرەك ئۆز ئەھدىنى گۈل كەلتۈرۈپ قىلدى ئادا.

ئەلدە باھار، دىلدا باھار، ھەر يان بۇگۇن گۇل لەيلىزار،
ئەمگەك بىلەن تاپتى ھوسۇن، رەڭدار شەپەق كىيگەن دالا.

1958 ـ يىل مارت، غۇلجا.

## يۇرىگىڭگە چىك پۇككىن

ئوغلۇم كوچەت تىكىپتۇ،
چورىسىنى قاشاداپ.
باشلاپ كىردى بىغىغا،
"باغ ياسىدىم قارا" دەپ.

تىككەن ئىكەن قىر ئېلىپ،
ئۇرۇك، ئالما، جىنەستە.
قايىل بولدۇم دىتىغا،
قاراپ باققا ھەۋەستە.

سويۇپ ئانار يۇزىدىن،
باغۋەن بولۇپ ئوس دىدىم.
كەشپىياتنىڭ يولىدا
توسقۇنلارنى بوس دىدىم.



داۋام ئەتكىن ئىشىڭنى،
بوشاشمىغىن تەر توككىن.
ئەلگە مۋە بېرىشنى
يۇرىگىڭگە چىك پۇككىن.

1958 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا،

## رادىيونى پەسەيتمە زىنهار

رادىيونى قويغىن ئوچۇرمە
ئەزىزىم ھەرگىز،
قوشاق كۇيلەر، زەپ يېقىملىق
ئەل بەختىدىن قىز.
ئەلمىساقتىن ناخشا تەنگە
كۇچ ـ مادار، ئوزۇق،
تومۇردىكى قانلىرىمغا
قوشۇلغان تولۇق.
ئەجەل تىترەپ قىلدى نالە
ناخشا ئالدىدا،
تەشنالىغىم قانماس مېنىڭ
شوڭا ناخشىغا.

ناخشا تىڭلاپ تۇغۇلدۇممەن
بۇ گۈزەل يۇرتتا،
ئۇللىتقانتى تەنلىرىمنى
شۇ ناخشا جۇتتا.
قوشاق كۈيلەپ يېتىلدىممەن
جەڭدە ـ سەپەردە،
ناخشا بىلەن كۈلگەن ئىدىم
غەلبە ـ زەپەردە.
ناخشام دىمەك كوڭۇل ئىشقىم
ئۇمرۇم چېچىگى،
ناخشا بولۇپ ئۇرۇپ تۇرار ـــ
شائىر يۇرىگى.
يۇمار بولسام كوزلىرىمنى
يورۇق ئالەمدىن،
ناخشا سورار روھىم كېلىپ
بارچە ئادەمدىن.
رادىيونى پەسەيتمىگىن
ئەزىزىم زىنهار،
شۇ ناخشىدەك هاياتىمغا ـــ
شاتلىق، بەخت يار.

1958 ـ يىل ئوكتەبىر، غۇلجا.



## ياشلىقتىكى ئوت

خوشنا ئىدۇق بىز كىچىك چاغدا،
ئۇينار ئىدۇق پاتقىچە قۇياش.
قوغلىشاتتۇق ئېشىپ قىرلارنى،
هارغىنلىقىا بېرەتتۇق بەرداش.

سەن ئوت ئىدىڭ، تاپمايتتىڭ تىنىم،
قاچار ئىدىڭ بەزەن سۇ چېچىپ.
مەن قوغلىسام ئىشكىنى تاقاپ،
كۈلەر ئىدىڭ يوچۇقتىن بېقىپ.

يىللار ئۆتتى قوغلىشىپ بىزدەك،
سەنمۇ باغۋەن بولۇپ يېتىلدىڭ.
ئارزۇيۇمغا ئىنتىلىپ مەنمۇ
كۈيچى بولۇپ سەپكە قېتىلدىم.

كوچەتلەرگە مېهرىڭنى توكتۇڭ،
ئاتتى باهار هوپپىدە چېچەك.

ئوچمەيدىكەن ياشلىقتىكى ئوت،
ساقلايدىكەن يامغۇردىن يۈرەك.

1959 - يىل ئىيۇل، غۇلجا.

## ئانا

سويۇپ ئانار مەڭزىمگە تىنماي،
دەيتتىڭ ئانا بول ياخشى ئادەم.
تىڭلار ئىدى مېھرىڭنى شادان
تۈنلەر ئېيتقان ئەللەيدىن ئالەم.

قەلبىڭ ھايات بۇلىغى دىسەم،
مېھرىڭ گويا تاڭدىكى قۇياش.
پەرزەنت دۇنياغا كەلگەن سەن ئۈچۈن،
ئۆمرۈڭ پەرزەنت بەختىگە تۇتاش.

بىلدىم ئانا پەرزەندىم دىسەڭ،
ۋۇجۇدۇڭغا سىغمايدۇ شاتلىق.
نەدە يۈرمەي، چولپان كوزلىرىڭ
يوللىرىمغا تەشنا - قاراقلىق.



قىياپىتىڭ تۇرار ئالدىمدا،
سەپەرلەردە مەيلى كۈندۈز - تۈن.
مۇھەببىتىم ياسايدۇ دەريا،
ئانا چەكسىز ھورمىتىڭ ئۈچۈن.

*
* *

سويۇپ ئانار مەڭزىمدىن قانماي،
دەيتتىڭ ئانا بول ياخشى ئادەم.
ئىچتى كەۋسەر تەلەي جامىدا،
تۈنلەر ئېيتقان ئەللەيدىن ئالەم.

1960 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## ئانا ناخشىسى

سويۇپ قانماي سېنى ئوغلۇم كوزۇمنىڭ قارىسى دەيمەن،
يېقىپ مەڭزىڭنى مەڭزىمگە بېغىمنىڭ ئالمىسى دەيمەن.

پۈتۈڭغا گەر تىكەن كىرسە ئالاي كىرپىكلىرىم بىرلە،
بولۇپ پەرۋانە ئۆمرۈڭگە يۈرەكنىڭ پارىسى دەيمەن.

هاياتىم شامى ئۆچمەيدۇ، تېنىمنى كۆمسىمۇ تۇپراق،
سېنى قەلبىمدە بىخ سۈرگەن ئۈمۈرنىڭ لالىسى دەيمەن.

ئالار بولسام قولۇمغا ساز، ناۋا ئەيلەر كۈمۈش تارى،
چۇچۇك تاتلىق ئاۋازىڭنى يۈرەكنىڭ تارىسى دەيمەن.

ئۈمۈر بوستانلىرى تەشنا چىۋەر باغۋەنگە ھەر دائىم،
ۋەتەننى گۈل ئېتەر بولساڭ، ئاتاڭنىڭ ۋارىسى دەيمەن.

1961 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## مۇھەببەت

چېچىمنى ئارىلىغان ئاقلارغا قاراپ
"ياراشماس شوخلىغىڭ، قېرىپسەن" دىدىڭ.
مۇھەببەت قېرىماس ئالەمدە دىسەم،
—ھە...ئەمدى بالانى تېرىپسەن، — دىدىڭ.

كۈلمىگىن سوزۇمگە، ئاقۋاش چوققىنىڭ
باغرىدا گۈل-چىمەن ياشنار بىغۇبار.



سەن يارنىڭ ئوتى بار قەلبىمدە، بىلسەڭ،
ئۆمۈرلۈك گۈل ياشلىق ھاياتىمغا يار.

گۈل ۋەتەن شوخ تېتىك ئۇستۈرگەن مېنى،
شۇڭلاشقا كايىما شوخلۇغۇمنى يار.
يىللار سوغا قىلسا چاچلىرىمغا ئاق،
كوڭلۇمگە ھاكىمدۇر پەسلى نەۋ باھار.

1962 ـ يىل يانۋار، غۇلجا.

## سەيلانە قىل

يايرىغىن، سەيلانە قىل، گۈلشەن سېنىڭدۇر تائەبەت،
سايرىغىن خەندان ئۇرۇپ، بوستان سېنىڭدۇر تائەبەت،
پارلىغىن چولپان بولۇپ، ئاسمان سېنىڭدۇر تائەبەت،
قايىنغىن پەرھات بولۇپ، مەيدان سېنىڭدۇر تائەبەت،
گۈل قىسىپ تويلار قىزىت، دەۋران سېنىڭدۇر تائەبەت.

كى مۇشەققەت ھەيۋىسى بار، تىترىمە، مەردانە تۇر،
چەك جاپا: ئەۋلادىمىز تاپقاي باھاردىن دەپ ھوزۇر،
چىڭ تۇرۇپ جەڭلەردە ئۈز ھەم يېپ-يېڭى بوستاننى قۇر،

نەدە كۆلسۈن گۈل ھايات گەر بولمىسا ئاپتابۇ-نۇر،
يورۇتار ئىقبال تېگىن، گۈلخان سېنىڭدۇر تائەبەت.

گۈللىسە چوغدەك قىزىل لالە بولۇپ ئەل گۈلشىنى،
غۇنچىنى ئۈزمەكنى ئويلار چىن بەختىنىڭ دۈشمىنى،
نەپرىتىڭ خەنجەر قىلىپ كەسكىن ئۇنىڭ شۇم قولىنى،
قىل ئەجىر، گۈلگە ئورا ھورلۇق-سائادەت يولىنى،
ئورلىگىن غەلبە قۇچۇپ، ئىمكان سېنىڭدۇر تائەبەت.

يەتتە يۈز مىليون جەسۇر خەلق قان قېرىنداش بەختىيار،
كوزلىرىدىن نۇر ياغار، قەلبىدە كۈچ-غەيرەت تاشار.
قەھرىمان خەلق بۇ دىبان ئالەمدە شانلىق نامى بار،
جانىدىن كەچكەن كىشىلا ئەڭ ئىسىل جانان تاپار،
بارچە ئىشقىغا بۇلاق جانان سېنىڭدۇر تائەبەت.

بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ گۈل ئىشقىدا قىلسا ناۋا،
ھەر يۈرەكنى ئويناتار كۈلكە بىلەن شاتلىق سادا،
سۇلىرى شەرۋەت دىسەڭ مېۋىلىرى تەنگە داۋا،
تۈپرىغى مۇنبەت ئىسىل، ھەر بىر تېشىدۇر كەھرىۋا،
گۈللىگەن ئەل قۇچىغى بوستان سېنىڭدۇر تائەبەت.

1962-يىل ئىيۇن، غۇلجا.



## ۋەتەن ئىشقى

نۇرسىز ھايات گۈللىمەس، نۇرغا ماكان ئۆزەڭسەن،
گۈل ئىچىدە تۇزۇماس لالە-رەيھان ئۆزەڭسەن.
ئەل قەلبىدە ھۆرمىتى دېڭىز-ئوكيان ئۆزەڭسەن،
غۇنچىلىقتىن گۈل ئاچقان چىمەن بوستان ئۆزەڭسەن،
سېنى سويگەن ئىنسانغا جەننەت جاھان ئۆزەڭسەن.

باغىڭ كوركەم زىننىتى دىل رىشتىنى تارتمامدۇ!؟
ئىشقىن توكۇپ بۇلاقتەك بۇلبۇل كۈيگە قاتمامدۇ!؟
كۆن شولىسى سۇ بىلەن چىمەن چېچەك ئاتمامدۇ!؟
جاننى تىكسە سەن ئۈچۈن بەخت مۇرات تاپمامدۇ!؟
بەختىمىزنىڭ باھارى تومۇردا قان ئۆزەڭسەن.

1963-يىل مارت، غۇلجا.

# قار ياققاندا

1

قار ياغدى، دەرەخلەر ئاستى كوز مۇنچاق،
سامادىن باھارنىڭ گۈلى ياققاندەك.
پايانسىز دالىلار چاقنايدۇ پال-پال،
يۇلتۇزلار نازلىنىپ كۈلۈپ باققاندەك.

قار ئوينار سامادا، كۈمۈش كېپىنەك
باغ ئارا گۈل تاللاپ قانات قاققاندەك.
يۈزلىرى ئاناردەك ئۇماق باللار
چېپىشار ھەر يانغا، يۇلتۇز ئاققاندەك.

دالادا ئاپپاق قار، كۆڭۈلدە باھار،
ئۆيلەرنى باھارنىڭ ھېدى كېزىدۇ.
قار كېچىپ سەيلىگە چىققان قىز-يىگىت
ئۆزىنى گۈلشەندە-باغدا سېزىدۇ.



قار ياغدى، بوۋايلار مەشىنىڭ يېنىدا،
بەخت ئىلكىدە خوشال قۇرۇشقان سوھبەت.
مومايلار جوزىدا ئىچىپ سۈتلۈك چاي،
زامانغا توكىدۇ ئوتلۇق مۇھەببەت.

ھەر سەھەر تۇرىندەك قاتار تىزىلىپ،
تىراكتۇر ئوتىدۇ جۇشقۇن كۆي بىلەن.
(ئۈستىگە باھارنىڭ تويىنى يۈكلەپ،
يۈرەكنى قاندۇرۇپ ئىپار بۇي بىلەن.)

2

بىلمەن قار ياغسا يوقسۇل بېشىدا،
ئەگىپ كەتمەس ئىدى ئەجەل شەپىسى.
قۇيۇنلار دەھشىتىدىن تىترەيتتى غال-غال،
دېخاننىڭ ئۈتۈنسىز غېرىپ كەپىسى.

قانچىلاپ بوۋاقنىڭ مەسۇم يۈزىدە،
ئۈنچىدەك ياشلىرى مۇز بولۇپ قاتقان.
ماكانسىز غېرىپلار جانسىز تېنىنى،
مۇقەددەس تۇپراقنىڭ كوكسىگە ياققان.

سەرەڭگە يالقۇنى كورۇنگەن كوزگە
هايات ئۇچىغىدا يانغان گۇلخاندەك.
قىش كەلسە، يوقسۇلغا تۇيۇلار ئىدى،
ئەزرائىل جېنىغا چاڭگال سالغاندەك...

3

قار ياغدى،

قار ئەمەس، باهار نېمىتى
توكۇلدى هور دىيار قۇچاقلىرىغا.
قار ياغدى، ماتەمدىن، غەمدىن ئەسەر يوق،
دىل تولدى بەختىنىڭ قوشاقلىرىغا.

قار ئەمەس، بۇ، ئاپپاق ئالما چېچىكى،
ۋايىغا يەتكىنى پەسلى باهارنىڭ.
بۇ قارسىز كامالغا يەتمەيدۇ هوسنى
بۇلبۇلنى كۇيلەتكەن باغۇ-گۇلزارنىڭ.

1963-يىل نويابىر، غۇلجا.



## شەهرىمدە سەهەر پەيزى

(سەهەردە شەهرىمگە قارىغىنىمدا، شائىر جاك جۇمىنىنىڭ «غۇلجا كوچىلىرى» دىگەن شېئىرى ئېسىمگە چۇشتى. شەهەرنى باهار پەيزى قاپلىغان ئىدى...)

شەپەقتەك تاۋلىنىپ تۇرار سەهەردە،
چىمەندىن تون كىيىپ ياسانغان شەهەر.
تاڭ نۇرى سويگەندە كۇمۇش چوققىنى،
دەرەخلەر بېشىدىن توكۇلىدۇ زەر.
باغلىرى گىلەمدەك رەڭدار چىرايلىق،
سىماپتەك سۇلىرى بالدىنمۇ تاتلىق.

كوچىلار رەڭمۇ-رەڭ مەيلىگىنى تارتار
(گۇل-چېچەك بۇندىلا يارالغانمىكىن؟!)
پەرىلەر قەلبىنى ئەسىر قىپ ئالغان
گۇزەللىك غۇلجىدىن تارالغانمىكىن؟!
بۇلبۇلنى مەس ئەيلەر گۇلشەندە غۇنچە،
ئالمىدىن بوينىغا ئېسىپتۇ ئۇنچە.

جاراڭلاپ ھەر ياندىن بۇلبۇل ناۋاسى،
سويگۇ مۇنبىرىدىن ئۇزىتىدۇ جام.
تەبەت بىر تاتلىق ئالغاندا نەپەس،
گويياكى بۇلاقتەك ئوخچۇيدۇ ئىلھام.
قىزلارنىڭ يۈزلىرى ئالمىدەك رەڭلىك،
نۇرانە ھوسنىدىن ئاي بولار تەڭلىك.

ئىلھامنىڭ كانىنى ئىزلىسەڭ شائىر،
گۈل ئىلى ئىلھامنىڭ قايىنار كوزىكەن.
بۇلبۇلنىڭ قەلبىدىن توكۇلگەن نەزمە،
بۇندىكى خەلقىنىڭ قەلپ سوزىكەن.
غۇلجىنى ياشناتقان باتۇر ئادەملەر،
كوكسىگە گۈل چەككەن قۇتلۇق قەدەملەر.

1964 - يىل ماي، غۇلجا.

## باھار كەلدى

باھار كەلدى، ئانا ئىلىم، گۈللەرگە پۈركەپ
شاتلىق بىلەن قۇچاقلاشقان كوركەم بويۇڭنى.



باھار كەلدى، تەبرىك ئېيتىپ، كۈيلىرى بىلەن،
ھەممە سەپتە قايناپ كەتكەن خوشال تويۇڭنى.

مەزمۇن مېنىڭ كۈيلىرىمگە ۋەتەن باھارىڭ،
ۋادىلىرىڭ گۈزەللىگى بىر ئالەم جاھان.
قۇلاق سالسا كۈيلىرىمگە قىرلاردا لالە،
باھار سۈيى كۆلكەمدىكى جۇشقۇن ھاياجان.

ئانا ۋەتەن قايناق مېھرىڭ تۇتقازدى قەلەم،
چومۇلدۇم شات ھىسسىيات ئاتلىق كولگە-دەرياغا.
ھەر تال چېچەك ئىشقى بىلەن يانار يۈرىگىم،
تەپەككۇرۇم ئوخشار شۇ دەم چەكسىز ساماغا.

ئەزىز ۋەتەن باھارىڭنى كۈيلىسەم يازسام،
ۋۇجۇدۇمدىن ئاتار پونتان بەختىڭنىڭ كۈيى.
تومۇرلاردا ئۇركەشلىگەن مېھرىڭ ئالدىدا،
تامچىلارنىڭ زەررىسىدۇر دېڭىزنىڭ سۈيى.

باھار كەلدى،
كەلدى باھار ئانا ۋەتىنىم،
باغلىرىڭنىڭ ئىشقى بىلەن كويۇپ يانغىلى.

بەختىيارلىق چاقناپ تۇرغان ئانار يۈزۈڭدىن
مىڭ ئۆرگۈلۈپ ئۆمۈر بويى سۆيۈپ قانغىلى.

1965 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا.

## يۈرىگى قالدى

ئېتىگىنى ئاق ئۆرۈككە تولدۇرۇپ،
قىز چىقاي دەپ تۇرغىنىدا بېغىدىن.
قىز قەلبىنى ئەسىر قىلدى شۇ مەھەل،
جاراڭلىغان ناخشا باغنىڭ كەينىدىن.

باغ تېمىغا باردى قىزچاق ئالدىراپ،
شاخنى قايرىپ باغ كەينىگە قارىدى.
قارىدى ـ دە، قىز يوقاتتى ئۆزىنى،
توك ئېقىمى ۋۇجۇدىغا تارىدى.

كوينىگىنىڭ ئېتىگىدىن قوللىرى
ئايرىلغانىنى قىز زادىلا سەزمىدى.
تەرگەن ئۆرۈك تام تۈۋىگە توكۇلدى،
ناخشىچىغا قاراپ كوزى تويمىدى.



چاقىرغاندا ھويلىسىدىن ئانىسى،
قىز يۈگۈردى قالدى تەرگەن ئۆرۈكى،
تام تۈۋىدە قالسا مەيلى ئۆرۈكى،
تام ئارقىدا قالدى ئوتلۇق يۈرىگى.

1965 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا.

## كاككۇكۇم

ئويغاتتىڭ سۈبھىدەم سايراپ كاككۇكۇم،
غۇنچىزار باغلارنى شېرىن ئۇيقۇدىن.
كۆيلىرىڭ باغرىمنى ئەيلىدى كاۋاپ،
ياندۇرۇپ تېنىمنى ئوتلۇق تۇيغۇدىن.

شۇنچىلىك يېقىملىق بولارمۇ ناخشا،
مەھلىيا ئەيلەيدۇ جىمى ئادەمنى.
كاككۇكۇم ئۈنۈڭنى ئاڭلىغاندا مەن،
ئۇنتۇيمەن ئۆزەمنى، ھەتتا ئالەمنى.

باھارنىڭ دىلرەبا جۇشقۇن كۈيىمۇ
تىلىڭدىن ياڭرىغان ناخشا، كاككۇكۇم؟

كۆلكەڭدىن ھورلىقا ئالغانمۇ ئورنەك،
ھاياتقا ئەزەلدىن ئاشنا كاككۇكۇم.

شاتلىقىنىڭ باغرىدا سويۇنەر جېنىڭ،
چىمەنلەر كوزىدىن قاچقاندا ئۇيقۇ.
كاككۇكۇم، ناخشاڭدىن تومۇرلىرىمدا
قان بولۇپ ئوخچىدى بىر يېڭى تۇيغۇ.

قاراڭغۇ باغلاردىن ئاڭلانسا ئۈنۈڭ،
كوكسۇمدىن ئاقىدۇ بىر دەريا قوشاق.
سەن بىلەن گۈل دىيار قوچاقلىرىدا،
ياشايمەن ھاياتقا باغلاپ ئىشتىياق.

1965 – يىل ئىيۇل، غۇلجا.

## تىراكتۇرچى يىگىت

ئايدىڭ كېچە، سۈزۈك ئاسمان، كاككۇك ئۈنى كېلەر ياڭراق،
ئاي نۇرىدا تاۋلىنىدۇ كەڭ ئېتىزدا قىزىلبايراق.

تىراكتۇرنىڭ ئاۋازىغا ئىلى سۇيى جور بولۇپتۇ،



چولپان شىرىن ئۇيقۇدا مەس، يىگىت قەلبى ھامان ئويغاق.

ئوي كەپتىرى ئۇچار بەزەن يىللار ئاتلاپ يىراقلارغا،
ساپان سورەپ كېلەر ئاتا بېشىدا بار قانلىق توقماق.

ئاتا ئىزى نەقىش چەككەن شۇ قەدىناس ئېتىزلاردا
بۈگۈن ئوغۇل تىراكتۇردا شات بەختىدىن كۈلەر ياڭراق.

تىراكتۇرچى يېزىمىزنىڭ غۇرۇرى ھەم ئىپتىخارى،
خىسلەتكە باي ئىشتا ماھىر، يېڭىلىققا راسا ئامراق.

تەر ئەمەس بىل مۇنبەت يەرگە سەپكىنى دىل سويگۈسىدۇر،
دەيدۇ ھەممە: بۇ يىگىتنىڭ يۈرىگى ئوت، قەلبى قايناق.

چىلىڭ چېگىلگەن مېھرى، ئىشقى ئالمىزارلىق گۈل يۇرتىغا،
ماڭلىيىدىن قۇياش سويگەن كېلەچىگى گۈزەل پارلاق.

1965 – يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

## سۈچى يىگىت

تولۇن ئاينىڭ نۇرى ئويىنار بوك باغلارنىڭ ئۈستىدە،
كۈمۈش شەبنەم يالتىرايدۇ گۈل-گىيالار كوكسىدە.

كەڭ دالانى ئويغىتىدۇ سۈچى يىگىت غەزىلى،
توي شاتلىغى جىلۋە ئەيلەر مەخمەل ئېتىز ھوسنىدە.

نەغمىسىدىن زىلال سۈنىڭ يىگىت جېنى سويۈنۈپ،
پۈشقاق تۇرۇپ كېچەر تىنماي، غەيرەت تېشىپ بەستىدە.

دولىسىدا پولات كەتمەن ئاي نۇرىدا چاقنايدۇ،
كۈچ ئۇرغۇتار بۈيۈك غايە مەرت يىگىتنىڭ قەلبىدە.

يېشىل ئېتىز، تۈتاش باغنىڭ لەۋلىرىدە كۈلكىسى،
ھەۋەس قوزغار بەخت تاپقان ئەمگەكچىنىڭ نەسلىدە.

بېزەپ دالا قۈچىغىنى ھالال تەرى ئەجرىدىن،
سۇ تۇتىدۇ كىرپىك قاقماي، قولى كەتمەن دەستىدە.

1966-يىل ئاپرېل، غۇلجا.



## تولۇن ئاي

ئايدىڭ كېچە دەرىزىنى ئاچتىڭسەن،
ئەركە شامال سويدى مېنىڭ يۈزۈمنى.
قوللىرىڭنى قويۇپ ئاستا مۈرەمگە،
تۇن قوينىغا تىكتىڭ جېنىم كوزۈڭنى.

شۇۋىرلىدىڭ قۇلىغىمغا ناز بىلەن:
”قارىغىنا تولۇن ئاينىڭ ھوسنىنى.
سۈتتەك ئاپپاق نۇرلىرىغا يوگەپتۇ
باغ-ۋارانلار، چىمەنزارلار كوكسىنى.

گۈل-چېچەكلەر لەۋلىرىنى ياپالماي
تولۇن ئاينىڭ جامالىغا بېقىپتۇ.
مەجنۇن بولۇپ تۇننىڭ ئەركە شامىلى
دالالارنى كېزىپ قانات قېقىپتۇ..“

تولۇن ئايغا نەزەر تاشلاپ قويمىدىم،
نە بىر خىيال دەرياسىدا ئاقمىدىم.

شۇرلايتتى قۇلىغىمغا تولۇن ئاي،
ئاشۇ دەمدە مەسىمدىم يا ساقمىدىم.

ئىچىپ ۋىسال جامىدا مەي شاتلىنىپ،
تولۇن ئاينىڭ قۇچىغىدا تۇراتتىم.
غۇنچە يەڭلىغ لەۋلىرىدىن پۇركىگەن
ئىپار ھىدلىق نەپەسنى پۇرايتتىم.

*
*   *

قانداق گۇزەل تولۇن ئاي دەپ ئۇمىسغىم
پىچىرلايسەن قۇلىغىمغا ئايلىناي.
تولۇن ئايغا نەزەر تاشلاش نە ھاجەت،
يۇرىگىنى يېقىپ تۇرسا تولۇن ئاي.

1966 - يىل ئوكتەبىر، غۇلجا.

## قەلبىم مېنىڭ پارە-پارە

قايسى يۇرەك سويمەس، ئېيتقىن، ياخشى سوزنى؟
ياخشى سوزلەر سويۇندۇرەر ۋۇجۇدۇڭنى.



تەبەسسۇمغا يولداش يۇزۇڭ ياخشى سوزدىن،
ياخشى سوزلەر يالقۇنلىتار دىل ئوتۇڭنى.

يامان سوزدۇر يۇرىگىگە ئېتىلغان ئوق،
ساقايسىمۇ يارا، ئىزى قالار تەندە.
چۇل-چۇل بولۇپ سۇنسا ئەينەك قادىيالماس،
قولى چىۋەر، زېھنى ئوتكۇر ھېچبىر بەندە.

يامان سوز ھەم بوھتان ئوقى يۇرىگىمگە
كېلىپ تەگدى، بولدى قەلبىم پارە-پارە.
نالە قىلسام قۇلاق سالماس ماڭا ھېچكىم،
ناخشام بىلەن دەرت توكەي مەن زارە-زارە.

1967 - يىل، فېۋرال.

## سىنىڭ كۇلكەڭ

سىنىڭ كۇلكەڭ كوڭۇللەرنىڭ ئەبەت پۇتمەس خىيالىدۇر،
قېشىڭ گويا گۇزەل تۇننىڭ يېڭى تۇققان ھىلالىدۇر.

سويەر يارىم مېنى ھەر ئان دىسەم، ئەللەر بولۇر ھەيران،
سېنىڭ ياقۇت لېۋىڭ ئەسلى سەھەرنىڭ شوخ شامالىدۇر.

مەگەر ئىشقىم بۇلاقلارنىڭ سىماپتەك چەشمىسى بولسا،
ئاقار دەريا سۇيى جانان سېنىڭ مېھرىڭ مىسالىدۇر.

جامالىڭ ۋەسپىنى بۇلبۇل ئېيتەر بولسا ئايان ئەلگە،
بويۇڭ گويا چىمەنزارنىڭ چىۋىقتەك شوخ نىھالىدۇر.

1974 ـ يىل ماي، غۇلجا.

## ئەيلىگىن

ئەمگىكىڭ تەرىڭ بىلەن يۇرتۇڭنى گۈلزار ئەيلىگىن،
گۈل ئارا بۇلبۇل بىلەن سەن نەزمە گۈليار ئەيلىگىن.

كىم ئىشقىنىڭ باغلىرىدا شۇم تىكەن بوپ ئۇنسە گەر،
ئۇر ساداقەت خەنجىرىنى، ئۇنى سەن خار ئەيلىگىن.

كىم ساڭا توكسە مۇھەببەت، مېھرىدىن گۈلشەن ياساپ،
ھورمىتىڭنىڭ تەختىدە دىلدىن خېرىدار ئەيلىگىن.



كىم سېنى ئالدىڭدا ماختاپ، كەينىڭدە پىتنە توقۇسا،
سەن ئۇنى دوست بىلمە زىنھار، نەپرەتنى ئىزھار ئەيلىگىن.

گۈل ئارا خەندان ئۇرۇپ شوخ سايرا بۇلبۇل توختىماي،
دوستلىرىڭنىڭ كوڭلىنى گۈللەرگە خۇشتار ئەيلىگىن.

1974 ـ يىل ئوكتەبىر.

## يىگىتلەرگە

بەختىنىڭ تاجىنى كىيمەك يىگىت ۋەسلى مۇرادى، بىل،
مۇشەققەتنى يېڭىپ ئوتمەك يىگىتلەر كوڭلى شادى. بىل.

جاپا چەكمەي يېتىشمەك يوق ھايات باغىدا جانانغا،
ۋەتەن، يۇرتنىڭ تىلەك-ئويى يىگىتنىڭ ئېسى-يادى، بىل.

يىگىتلىك بىر باھار پەسلى، ئۇنىڭ كۇزى، خازانى بار،
يىگىتلىكتە ئېچىلغان گۈل توزۇپ سولمايدۇ زادى، بىل.

ۋەسىيەت ئەيلىدى بۇلبۇل يىگىتلەرگە قۇلاق سال دەپ،
ھايات مەيدانىدا ياشلىق ئومۇرنىڭ بىر پارادى، بىل.

1975 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

# يۈرەك قاپتۇ

ياشلىقتا بىللە ئوييناپ، بىللە ئۆسكەن،
بىر دوستۇم چوڭ كوچىدا قالدى ئۇچراپ.
دەسلەپتە تونالمىدۇق، تونۇشۇپلا —
قۇچاقلاپ كورۇشتۇق بىز ئەھۋال سوراپ.

ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ئۇ، يوق ياشلىقى،
يۈزىگە ئەجىن چۈشۈپ تور تارتىپتۇ.
چېكىسى بويلاپ ھەتتا ئىنچىككىچە
كۆز پەسلى قىرولىرى توي تارتىپتۇ.

ئىزلىدىم مەن ئۇنىڭدىن ياشلىقىنى،
گۈل پەسلى رىشتە ئۈزۈپ كېتىپ قاپتۇ.
خۇلقى ھەم گەپ-سوزلىرى ئۆزگىرىپتۇ،
پەقەتلا ئۆزگەرمىگەن يۈرەك قاپتۇ.

1976-يىل يانۋار، غۇلجا.



# قىزىمغا

باغنىڭ گۈلى سەن قىزىم،
گېپىڭ تاتلىق قەن قىزىم.
ساڭا قانات قوشىدۇ،
بىلسەڭ ئىلىم-پەن قىزىم.

تېز مەكتەپكە ماڭ قىزىم،
ئاتتى گۈزەل تاڭ قىزىم.
زېھىن قويۇپ ئوقۇغىن،
تاپقىن تازا ئاڭ قىزىم.

باغۋەننىڭنى سوي قىزىم،
دوستلىرىڭغا كوي قىزىم.
باغۋەننىڭنىڭ سوزىنى
كوڭلۇڭگە چىڭ ئۇي قىزىم.

كۆچ ئەقىلغا تول قىزىم،
ياخشى ئادەم بول قىزىم.

تىرىشقانلار ئالدىدۇ
بىل ھوسۇلنى مول قىزىم.

1976 - يىل مارت، غۇلجا.

## سوي

سوي، دىلى يالقۇنلىغان، ئەلنىڭ قىزى رەيھاننى سوي،
ئەل ئۈچۈن سويگۈسى دەريا، جەڭدە مەرت جاناننى سوي.

چاچ ھامان ئىشقىڭ گۈلىنى، ئورگۈلۈپ شامۇ-سەھەر،
سوي، ساڭا سادىق بولۇپ جەڭلەرگە ئات سالغاننى سوي.

مەشۇغى بولسا يولەنچۈك، ئاشىقى مەردانىدۇر،
سوي، گۈزەل ئىقبالىغا مېھرى مىسلى زور گۈلخاننى سوي.

ھور ۋەتەن تەقدىرىگە چىڭ باغلىغان تەقدىرىنى،
سوي چېلىش ئاسمانلىرىدا پارلىغان چولپاننى سوي.

1976 - يىل ئىيۇن، غۇلجا.



## بولمىسا

ئۇستۇرەرمۇ باغدا گۈلنى ھوسنى زىبا بولمىسا.
دەشت بىلۇر گۈلشەننى ئاشىق، يارى پەيدا بولمىسا.

بىل، باھار ئەييامى تاپماس ئۆزگىچە مەنا ھامان،
بارچە ئەلنى مەھلىيا ئەيلەر تاماشا بولمىسا.

تاپمىغاي گوھەرنى ھېچ كىم تاغ-دېڭىزنىڭ تەكتىدىن،
يەتمىگەي ۋەسلىگە تېرى چەشمە-دەريا بولمىسا.

ئۆمرىدىن قالماس نىشان ھېچ بىر چۈمۈلە ئەجرىدەك،
خەلقىغە، ئالتۇن دىيارغا كوڭلى شەيدا بولمىسا.

قىل ھەزەر، بۇلبۇل، كورەڭلىك ئىللىتىگە يولما،
تەنگە جان تاپماس كىشى بۇ ئەلگە ئاشنا بولمىسا.

1976 - يىل ئۆكتەبىر.

# ياشلىق باھارىدىن

ئېچىلسا گۈل-چىمەن ھەر يان گۈزەل ياشلىق باھارىدىن،
ئەجەپ جۇشقۇن ناۋا كەلدى كوڭۈل دۇتتارى تارىدىن.

ئاتالار ئارزۇسى قاندى، پورۇقلاپ قايىنغان جەڭدە،
زەپەر داستانىنى يازغان يىگىت-قىزلار قارارىدىن.

قىزىلتۇغ ۋارىسى ياشلار ئۈمىتىنىڭ نۇر چىراغىدۇر،
سويۇندى، يايرىدى دىللار يېڭى سەپنىڭ قاتارىدىن.

ۋەتەن بوستانىغا باقسام ھالال تەر يۇلتۇزى چاقناپ،
چېچەكلەر كۈلكىسى كوردۇم سائادەت گۈلئۇزارىدىن.

گۈزەل ياشلىق ئەجىر قىلغان شاراپتىن جام ئۇزات ساقى،
ئۈنچىپ بۇلبۇل ناۋا قىلسا چىقار ئاندىن خۇمارىدىن.

1977-يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.



# كۆز لىرىكىسى

باغۇ، ئېتىز، قىر، دالالار كىيىپتۇ
ئۇچىسىغا سېرىق ئەتلەس كوينەكنى.
ئىمشىقىدۇ سېرىق سەبدە، ئاق لەيلى
مەپتۇن قىلار ھوسنى بىلەن يۈرەكنى.

تەبىەتكە يارىشىدۇ ھەر خىل رەڭ،
بار ئۆزگىچە گۈزەللىگى قارىنىڭ ھەم.
سېرىق چېچەك ھوسۇن قوشار ھوسنىگە،
قىسلىغاندا قۇلىغىغا يارىنىڭ ھەم.

كورۇنىمۇ پەسىللەرنىڭ رەڭلىرى
شۇنچە گۈزەل ئادەملەرنىڭ كوزىگە.
راۋا كورمەس ھېچ ئادەمزات ئەزەلدىن
كۆز ۋە قىشنىڭ بويىغىنى ئۆزىگە.

1977-يىل نويابىر، غۇلجا.

## شائىر ئىزىدىن

قاسىنغى گۈل، سۈيى شەرۋەت گۈزەل ئىلى،
ساڭا خۇشتار بولۇپ ئۆسكەن شوخ يىگىتمەن.
قاينامىلىرىڭ ئۇركەش ياساپ چاچسا ئۈنچە،
سويۇنىمەن كۈيلىرىڭگە بولۇپ زوقمەن.

بۈگۈن سەھەر بويلىرىڭنى كىزىپ يۈردۈم،
شاۋقۇنۇڭدىن ئاڭلاپ بەخت كۈيلىرىنى.
ئارمان قىلىپ ئۆتكەن قانچە ئوغۇل-قىزىڭ،
ئۇيناساق دەپ سەندە بەخت توپلىرىنى.

سەپەر قىلدى خىيال قۇشۇم ئۇزاقلارغا،
تىلىلىرىمدىن جاراڭلىدى تۇمەن سوئال.
سوئالىمنى باغ-ۋارانغا تاشلاپ كەتتى،
بويلىرىڭدا ئويناپ ئۇچقان مەيىن شامال.

ئېيتقىن ئىلى جاۋابىڭغا ئىنتىزار مەن،
"مۇتەللىپنى بويلىرىڭدا كورگەنمىدىڭ؟!



شو خلۇق بىلەن شۇڭغىغاندا قوچىقىڭغا،
تەنلىرىنى مېھرىڭ بىلەن سويگەنمىدىڭ؟

باغلار ئارا ئويناپ ئۇچقان ئەركىن شامال،
يۈزلىرىدىن سويگەنمىدىڭ مۇتەللىپنىڭ؟
ئېيتقىن سەنمۇ شىلدىرلىغان كۇمۇش بۇلاق،
بىر خاتىرىسى بارمۇ سەندە شۇ قەلبىنىڭ.

شائىر بىقىپ گۈل-چېچەككە ئىشقى بىلەن
«چىن مۇدەن»*نى يۈرىگىگە پۈككەنمىدى!؟
تەسراتىنىڭ* چىنىسىگە مۇھەببەتتىن
يېشىل كوكلەم* شەرۋىتىنى توككەنمىدى؟!"

*

* *

ئاڭلا دىدى شاۋقۇن سېلىپ ئىلى سۈيى:
مۇتەللىپكە سىرداش بولۇپ ئاققان ئىدىم.
ئاڭلا دىدى باغلار ئارا ئۇچقان شامال:
يۈزلىرىگە لەۋلىرىمنى ياققان ئىدىم.

---

* شائىرنىڭ شۇ ناملىق دىراممىسى كوزدە تۇتۇلدۇ.
* شائىرنىڭ «تەسراتىم» دىگەن شېئرى كوزدە تۇتۇلدۇ.
* شائىرنىڭ «كوكلەم ئىشقى» دىگەن شېئرى كوزدە تۇتۇلدۇ.

ئاڭلار دىدى قېرى قارىغاي: باتۇر يىگىت —
باشلىرىغا سايە بولۇپ تۇرغان ئىدىم.
ئاڭلا دىدى كۈمۈش بۇلاق چېلىپ نەغمە:
تەنلىرىدە ئويناپ دولقۇن ئۇرغان ئىدىم.

ئاڭلا دىدى گۈزەل ۋادا توكۇپ ئىپار:
ئېيتقان ئىدى بۇندا مەرتلىك قوشىغىنى؛
سويەر ئىدى يالقۇنلىغان مۇھەببەتتە،
گۈل ۋەتەننىڭ چەكسىز مۇنبەت قۇچىغىنى.

*
* *

يالقۇن بولۇپ بۇ جاۋاپتىن ياندى تېنىم،
تۇمەن بۇلاق ئاقتى ئىلھام ئېتىزىدىن.
مەن كېلىمەن مىنىپ قەلەم تۇلپىرىغا،
چېچەك تېرىپ ئۇنىڭ باسقان گاڭ ئىزىدىن.

1966 - يىل مايدا يېزىلغان، 1978 - يىل سېنتەبىردە
ئوزگەرتىلگەن، غۇلجا.



# قالغاچ بىلەن سوھبەت

قالغىچىم، جان قالغىچىم،
ئۇگا سالدىڭ ئويۇمگە.
مېنىڭ ئامراق دوستۇمسەن،
قولاق سالغىن كۈيۈمگە.

چېچەكلىسە گۈل - لالە
دالا - ئېتىز، تاغلاردا.
خوشال ئۇسۇل ئويناپسەن
بوستانلاردا، باغلاردا.

سەھەر تۇرۇپ ھەركۈنى
ۋىچىر - ۋىچىر سايرايسەن.
جاۋاپ بەرگىن قالغىچىم،
"نىچۈن سايراپ قانمايسەن؟"

سوئالىمغا شۇ زامات،
جاۋاپ بەردىڭ بىر تاتلىق:

"ئەلچىسمەن باھارنىڭ
يۈرىگىمدە كوپ شاتلىق.

شۇڭا سايراپ ھارمايمەن،
ھەر باھاردا بېغىڭدا.
سەنمۇ يەتكىن باھارنىڭ
قەدرىگە ياش چېغىڭدا."

ئاڭلاپ سېنىڭ سوزۇڭنى،
قاندى دىلىم شەرۋەتكە.
يەتمەككە بەل باغلىدىم،
مەنمۇ يېڭى مەقسەتكە.

سەن سايرىساڭ سەھەردە،
ئورنۇمدىن دەس تۇرىمەن.
چىنىقتۇرۇپ بەدەننى،
باش-كوزۇمنى يۇيىمەن.

سەن ئۇچسەن، ئوينايسەن،
مەن ئوقۇيمەن كىتاپنى.
زېھىن قويۇپ ئىزلەيمەن
سوئالىمغا جاۋاپنى.



قىلساملا مەن ئىجتىھات،
راسا كەڭرى ئىمكان بار.
ۋەتىنىمنى گۈللەشتىن،
ئۆزگە قانداق ئارمان بار.

پەرۋاز قىل شوخ قالغىچىم،
قانغىن ئارزۇ-ئارمانغا.
پەندىن ياساپ گاڭ قانات
ئۇچاي مەنمۇ ئاسمانغا.

1979-يىل مارت، غۇلجا.

## ئۈرۈمچى ھەققىدە غەزەل

مەن كۆمۈش لاچىنغا مىندىم سېنى قىلماققا تاۋاپ،
سىغىنىشىنىڭ ئوتىدا بولغاچقا دىل-باغرىم كاۋاپ.

— ئەسسالام! — دەپ باش ئېگىپ كەلسەم بۇگۈن باغرىڭغا مەن،
ماڭلىيىمغا لەۋلىرىڭ ياقتىڭ ماڭا بولدى جاۋاپ.

كوزلىرىمدە جىلۋە قىلدى بىھساپ يۇلتۇز شۇ ئان،
يۈزلىرىمگە بولدى مېھمان تاڭدا نۇرلۇق ئاپتاپ.

جام قىلىپ تيەنچىنى شۇدەم، — ئىچ قېنى شائىر بالام، —
دەپ ئۇزاتتىڭ شەپقىتىڭ دەرياسىدىن گۈلگۈن شاراپ.

جامنى ئالدىم ئوڭ قولۇمدا، تەنگە سىغماي شاتلىغىم،
شوخ يۈرەك كەچتى چىمەننى مىسلى ئاھۇدەك شۇ تاپ.

لەۋلىرىم تەككەندە جامغا، ياشىرىپ كەتتى جىنىم،
شوخ كوكۈلنىڭ ۋادىسىغا شەپقىتىڭ كەتتى تاراپ.

جامنى سۇندۇم ئىككى قوللاپ تىز چوكۇپ ئالدىڭدا مەن،
مېھرى ئىلھام چەشمىسىدىن توزىماس بوستان ياساپ.

قارىسام ھەرياڭ سەھەردە باش ئىگىپ كەلدى شەپەق —
ھوسىندار بولماق ئۈچۈن شەھىرىم سىپىنگدىن رەڭ
سوراپ.

ئات سېلىپ مەردانە جەڭگە، بەيگىدە غەلىبە بىلەن،
دەۋرىمىز ئالتۇن تومىغا سەن يېزىپسەن يېڭى باپ.



كۆل ئانا شەھرىم ئۈرۈمچى، سەندە بۇلبۇل باغ ئارا
باشلىدى جۇشقۇن كۈيىنى ياڭرىتىپ ساڭا ئاتاپ.

1979 - يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## موئەللىمىنىڭ ئۆيىدە

ئوتسە يىللار ئوتۇقلاردىن توي ياساپ،
كېلەر يىللار يوكلەپ يېڭى ۋەزىپە.
يىل قوينىدا بېسىپ ھەر بىر قەدەمنى،
ئادەت بىزگە ئاچماق يېڭى سەھىپە.

*
* *

كەڭ سامادىن كوچتى يۇلتۇز ئۆيلەرگە،
كۆلكە، چاقچاق قۇچاق ئاچتى ھەر جانغا.
يېشىل ئارچا ئاق لەيلىدىن گۈل قىستى،
ئايلانغاندەك بولدى ھەر ئۆي بوستانغا.

گۈزەل ئاخشام شەپەق قونغان يۈزلەرگە،
چېچەكلىدى نۇر دۇنياسى ئاسماندا.

ئېچىپ ئۆمۈر كىتاۋىدىن ئالتۇن بەت،
يېڭى بىر يىل قۇتلۇق قەدەم باسقاندا.

قولتۇقلىشىپ كەلدى بىر توپ، قىز - يىگىت،
قوللىرىدا رەڭدار گۈللەر دەستىسى.
شوخ كۈلكىلەر چاڭ كەلتۈرگەن شەھەرنى،
كوزلەپ كېلەر بىر ھويلىنى ھەممىسى.

ئۇستاز چىقتى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا،
ئاپپاق چاچلىق ئۆزى خۇشخۇي ساھىپخان.
گۈل ئىچىگە كومدى ئۇنى مېھمانلار
يۈزلىرىدە شاتلىق نۇرى چاقنىغان.

ئۆيگە كىردى تېچ - ئامانلىق سوراشتى،
گۈلگۈن يۈزلەر ئوخشار ئىدى ئانارغا.
ساھىپخانى تەكلىپ قىلدى بەس - بەستە،
"سىز ئۆتۈڭ" دەپ ئۆي تورىگە، قاتارغا.

ساھىپخانى ئۆي تورىگە ئۆتكۈزۈپ،
ساھىپخانلىق قىلدى خۇشخۇي بىر قىزچاق.
داستىخان دەپ نام بەرسەكمۇ بولغىدەك،
يارىشىپتۇ ساھىپخانلىق، قاراپ باق.



كوتىرىلدى قىقاس كۈلكە، چاقچاقتىن،
نوقۇپ قويدى شوخ يىگىتنى شەيتان قىز.
ھەيران بولۇپ سوئال قويماڭ كىتاپخان:
ئېيتقىن شائىر كېلىپ قالدۇق نەگە بىز؟

بۇ ساھىپخان مېھمانلارنىڭ ئۇستازى،
قىرىق يىلى ئۆتكەن دوسكا قېشىدا.
شاگىرتلىرى يېڭى يىلنى ئۆتكۈزەر،
شاتلىق بىلەن مۇئەللىمى قېشىدا.

كورۈپ بولماس داستىخاننىڭ يۈزىنى،
ئۈستەل تولغان ئالما، ئۈزۈم، ئانارغا.
دالا - باغلار ئاق شايىدىن تون كىيگەن،
لېكىن ئۆيلەر ئوخشار كوكلەم - باھارغا.

قەدەھلەردە تاۋلىنىدۇ گۈلگۈن مەي،
ھەممە تىككەن مۇئەللىمگە كوزىنى.
ئاڭلاپ - ئاڭلاپ يۈرەكلىرى قانمايدۇ
مۇئەللىمنىڭ مەناغا باي سوزىنى.

قولغا ئالدى مۇئەللىم شات قەدەھنى،
ئۆي ئىچىنى بىردىن جىملىق قاپلىدى.

ئىززەت تاپقان مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا،
كەچمىشلىرى جىلۋىلەندى ـ پارلىدى.

ئېلىپ كەتتى خىيال قۇشى ئۇزاققا،
سىنچى كوزدە باقتى ئوتكەن يولىغا،
ئۇنىڭ ئەجرى ئالتۇن خىش بوپ تىزىلغان
ھەر بىنانىڭ ئاساسىغا ـ ئۇلىغا.

ئۇپرىمىدى ئۇنىڭ زېھنى كەتمىنى
پەن ـ بىلىمنىڭ غەزنىسىنى قازغانغا.
تۈگىمىدى كوزلىرىنىڭ نۇرلىرى
ئەۋلات ئۇچۇن تۈمەن دەپتەر يازغانغا.

بۇ ئولتۇرغان مېھمانلىرى تونۇگۇن
ئاق ـ قارىنى ئايرىيالماس گودەكتى.
بەزىلىرى تاۋى نازۇك ئۇرۇشقاق،
بەزىلىرى گەپ ئاڭلىماس بوۋەكتى.

سەرپ قىلدى ئۇ بار زېھنىنى ـ كۈچىنى،
كوچەتلەرگە شەرۋەت بولدى شەپقىتى.
كوۋەجىدى شۇ گودەكلەر قەلبىدىن
مۇئەللىمگە تەشەككۇرى ـ رەھمىتى.



شۇ گودەكلەر بۈگۈن ئوسۇپ چوڭ بولدى،
بولۇپ دوختۇر، تېخنىك، باغۋەن، ئىنژېنېر.
ساھىپخان قىز بېسىپ چىققان ئىزىنى،
ئىلىم ـ ھېكمەت ئۇلار ئۇچۇن ئەمەس سىر.

موجۇپ ئوتتى بىردەم ئەلەم ئالقىنى،
مۇئەللىمنىڭ يۈرىگىنى ـ قەلبىنى.
يوتۇپ ئوتتى ئوز ئىچىگە مۇئەللىم،
"توت مەرەز"نىڭ زەربىسىنىڭ دەردىنى.

ئەۋلاتلارنىڭ يۈرىگىگە بىلىمنىڭ
چىرىغىنى يېقىش بولدى جىنايەت،
قالپاق، كالتەك تىلدى ئوتلۇق كوكسىنى،
تاج كىيگەچكە ئاشۇ يىللار قاباھەت.

كۆل قىلىندى قان ـ تەر بىلەن پۈتۈلگەن
قانچە ئەمگەك ھالال تەرنىڭ مېۋىسى.
پەن ـ مەرىپەت شەيدالىرى ئۈستىگە
ياغدى توھمەت، ئاشتى زۇلمەت ھەيۋىسى.

بۇلۇت قانداق توسالىسۇن قۇياشنى،
تارىخ چاقى يەنچىپ ئوتتى توسقۇننى.

ئۈچ-ئۈچىدىن خۇشاللىنىپ مۇئەللىم،
زور سەپەردە كوردى تۇمەن دۇلدۇلنى.

يامراپ كەلدى شوخ كۇلكىنىڭ قىيانى
مۇئەللىمنىڭ قورۇق باسقان يۈزىگە.
قۇلاق سالدى مېھمانلىرى مەھلىيا
بولۇپ ئۇنىڭ جاراڭلىغان سوزىگە:

"يىل ئۈزۈتۈپ يىلنى كۇتتۇم قانچە رەت،
مەناغا باي بۇ يىلىمىز ئۆزگىچە.
ئاقتى تىنماي ماڭلايلاردىن كۆمۈش تەر،
يېڭى باھار بوستانىنى تۈزگىچە.

ھەر مىنۇتىنىڭ بار ئۆزگىچە قىممىتى،
ھەر قەدەمدە تۇمەن ئۇتۇق غەلبە بار.
ئەبەت سولماس باھار ئۆتكەن كۈنىمىز،
ھەر يىلىمىز خىسلەتكە باي، مەزمۇندار.

باشتىن ئىگىز كوتىرەيلى قەدەھنى،
يىل ئۈزۈتۈپ ئۇتۇق بىلەن ھەممىمىز.
ئايان بولسۇن كۇلكىسىدىن قەدەھنىڭ
يېڭى يىلغا بىزنىڭ يۈرەك ئەھدىمىز.



ھەر تامچا تەر بىر خىش بولۇپ بىناغا
قويۇلغاندا ھايات مەزمۇن تاپمامدۇ.
بىر نىيەتتە باسقان قەدەم ۋەتەننىڭ
كەڭ كوكسىنى چېچەك بىلەن ياپمامدۇ."

*

* *

ئۇستاز سوزى گويا ئابى زەمزەمدەك،
شاگىرتلارنىڭ يۈرىگىگە قۇيۇلدى.
قاراسلىغان چاۋاك ئۇنى شۇ تاپتا
قۇلاقلارغا جەڭ بۇيرۇغى تۇيۇلدى.

ئېلېكتىرنىڭ تارام-تارام نۇرىدا،
ھەسەن-ھۈسەن چاقناپ كەتتى رۇجەكتە.
كوكۇللەرنى بۇلبۇل سۇپەت كۈلدۈردى،
ناخشا، قوشاق پونتان بولۇپ يۈرەكتە.

زەپ يېقىملىق بەخت نۇرى پارلىدى
مۇئەللىم ھەم شاگىرتلارنىڭ كوزىدە.
يېڭى يىلنىڭ پىلانلىرى سوزلىنەر
ھەممىسىنىڭ تۇنجى قەدەھ سوزىدە.

*

* *

سائەت تىلى ئۇن ئىككىگە جۈپلەشتى،
يېڭى بىر ياش قوشۇپ گۈلشەن ئېلىمغا.
ئۇستاز، شاگىرت سوقۇشتۇرغان قەدەھتىن
ئوت تۇتاشتى مېنىڭ قايناق دىلىمغا.

1979 - يىل دېكابىر، غۇلجا.

# رەيھاننىڭ كۈلكىسى

(داستان)

## مۇقەددىمە

پەرۋىش قىلمىسا باغلارنى باغۋەن،
كۆچەتلەر مېۋىلەپ شەرۋەتكە تولماس.
ئەۋلاتنىڭ قەلبىدە كېلىچەك ئىشقى
ئۇستازنىڭ ئەجىرسىز چوغلىنىپ يانماس.

كۆڭۈل بۇلىغىدىن ئاققۇزۇپ شەربەت،
ئەۋلاتنىڭ لېۋىگە توكمەك ئاسانمۇ؟
ئەۋلاتنىڭ غەلىبە-ئۇتۇغى بىلەن
ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ تاغدەك پىغانمۇ.



پىكىر دالاسىنى كېزىپ تىنىمسىز،
بىر كىرپىك قاقماستىن تاڭنى ئاتقۇزغان.
ئىلىم دەرياسىنى ھەر ئوغۇل-قىزنىڭ
كۆڭۈل ۋادىسىدا تىنماي ئاققۇزغان —
ئۇستازنىڭ مېھرىنى كۆرمىگەن كىم بار؟
ئۇستازنى يۈرەكتىن سويمىگەن كىم بار؟

## بىرىنچى باپ

تۈن كېچە پىلىلداپ يانار يۇلتۇزلار،
رۇجەككە ئاي نۇرى بولغاندا مېھمان.
تۈن تەڭدىن ئاشسىمۇ نىچۈن كۆز يۇمماس
ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ رەيھان؟

مولدۇرلەپ تۇرىدۇ ئالدىدا ئۇنىڭ
سومكىسى بويىندا ئاق يۈزلۈك بالا.
ئانىسى يىغلايدۇ، ئەيىبلەپ ئۇنى:
"بالا ئەمەس، بېشىمغا بولدى بىر بالا."

"ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق دەپ"،
سىنىپقا ئېلىشنى ھېچكىم خالىماس.

بالىنىڭ دۈپ-دۈگىلەك قارا كوزلىرىن،
مۈنچاقتەك ياشلىرى ئېقىپ توختىماس.

رەيھان بىر ئۇرۇلۇپ يۇمدى كوزىنى،
ھەرىدەك تالايدۇ سوئاللار گويا.
ئالدىدىن كەتمەيدۇ ياماق چاپانلىق،
كوزلىرى چولپاندەك ئاق يۈزلۈك بالا.

رەيھان تۇردى-دە، ئاچتى رۇجەكنى،
كېچىنىڭ سالقىنى سويدى يۈزىنى.
قاراڭغۇ باغلاردىن نۇرلار ئاختۇرۇپ،
خىيال ۋادىسىدا كوردى ئۆزىنى.

ئۇ بالا ئۆتكۈزگەن قانداق جىنايەت،
نېچۈن يۈرەكلەردە ئاڭا يوق تومۇز؟
بولسا شۇ گودەكنىڭ گېپى، كىشىنىڭ —
قەلبىنى قاپلايدۇ بىردىنلا قار-مۇز.

* *

ئەخمەتجان، بەش ياشتا قالدى ئاتىسىز،
ئىككى يىل ماتەمدە تۇردى دىلبەرخان.
دېيىشتى يۇرت-مەلە: "گۇلدەك ياشلىقى —
تۇللۇقتا بولمىسۇن ۋاقىتسىز خازان..."



ئەرسىزگە ھەممىنىڭ كوزى تىكىلىپ،
پاتمىغاي بىر يامان ئاتقا دېيىشىپ.
ئوقەتچى بىرسىنى تېپىشتى ئاڭا،
بۇ ئىشمۇ بىكىدى ئاخىرى پىشىپ.

ئەخمەتجان ئىككىنچى سىنىپقا كوچۈپ،
ئاز ئوتمەي ئانىسى بولغانتى ياتلىق.
سارغىيىپ سولاشتى گودەك چىرايى،
قەلبىدە بارغانچە ئوچتى ھەم شاتلىق.

ئۈچ يىلنى ئۆتكەزدى ئەخمەتجان شۇنداق،
بويى ھەم، ئويى ھەم ئوسكەنتى ئۇنىڭ.
جىدەللەر قەلبىنى تىلدى نەشتەردەك،
يۈرىگى ئەلەمگە چۆمكەلدى ئۇنىڭ.

"نان نەدىن، ئاش نەدىن، بىلمەيسەن تېخى!"
دەر ئىدى ھەركۈنى نوقۇپ "ئاتىسى".
"بولدىلا تولىمۇ ئەزۋەلدىڭىز" —
دىگەندە ياش توكۈپ بىر كۈن ئانىسى.

— ھە... تېخى، قوسىغىڭ تويۇپ سەنلەرنىڭ،
تىللىرىڭ چىقتىمۇ گەپ ياندۇرغۇدەك؟ —

دەپ ئانا بېشىدا ئويناتتى قامچا،
ئەلەم دەرياسىدا ئاقتى ياش يۈرەك...

شۇ كۈنى ئەخمەتجان زور بىلەن دەسسەپ،
تاماكا ساتقىلى كەتتى بازارغا.
"دوست"لىرى كوپەيدى كۈن ئۆتكەنسېرى،
قوشۇلدى ئەخمەتجان پاتلا قاتارغا.

تەرتوكمەي بىردەمدە تاپتى مونەك پۇل،
خەجلىدى قىسلماي ئاشپۇزۇل ئۈچۈن.
بىر يىلنى ئۆتكۈزدى ئاشۇ قېلىپتا،
ئانىنىڭ كوڭلىنىڭ "ئارامى" ئۈچۈن.

چوڭايدى ئاتىنىڭ نەپسى تېخىمۇ،
ئەخمەتجان تاپقان پۇل كوپەيگەنسېرى.
دىلبەرخان قەلبىدە ئاشۇردى نەپرەت،
بىر تىيىننىڭ كوزىدىن مىڭ ئۆتكەن ئېرى.

— قايناقسۇ ئىچسەممۇ كوڭلۇم بولسۇن تىنچ، —
دىدى-دە، ئايرىلدى ئېرىدىن ئاخىر.
يۇققانتى ئوغلىنىڭ داغسىز كوڭلىگە
ئاسانلا ئېرىمەس يامان ئىللەت-كىر.



ئولتۇرسا، قوپسا ئۇ قىلدى نەسىھەت،
— مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇ بالام. — دەپ.
كىشىنىڭ نەرسىسگە قىيا كوز سالما،
چوڭلارنى هورمەت قىل، بولما بەدەپ.

سالمىدى ئەخمەتجان بۇ سوزگە قۇلاق،
هەپتىلەپ مەكتەپكە باسمىدى ئاياق.
كەلسە ئۇ مەكتەپكە قىلىپ ئوكتەملىك،
تويغازدى هەممىنى جانلىرىدىن جاق.

بۇ ئىشلار تىزىلىپ ئۆتكەندە قاتار
رەيهانىنىڭ ئويىدىن گويا تەسۋىدەك.
ئەقلىگە كەلدى بىر يېڭى ئوي-پىكىر،
هاياجان ئىلكىدە ئويىندى يۈرەك...

ئويلىدى:
"كىم كورگەن سۈزۈك ئاقىننى
بىر ئومۈر بۇلاقتىن ئوقچىغان سۈنىڭ؟"
شۇ پىكىر قەلبىنى ياندۇرۇپ چوغدەك،
ئىلىندى تاڭ سەھەر كىرپىگى ئۈنىڭ.

*

* *

چىرايلىق تاڭ ئېتىپ كۈلگەندە ئالەم،
روھلىنىپ چىقتى تېز ئىشىكتىن رەيھان.
مەلىنىڭ چېتىگە كېلىپ توختىدى،
كورۇنمەس كوچىدا بىرەرمۇ ئىنسان.

ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى قاققاندا رەيھان،
— كىم؟ — دىدى ئەخمەتجان ھويلىغا چىقىپ.
— ئىشىكنى ئاچ، ئوغلۇم، — دىدى يوچۇقتىن،
رەيھانمۇ گۈلزارلىق ھويلىغا بېقىپ.

ئېچىپ دەرۋازىنى قېتىپلا قالدى،
ئەخمەتجان تۇمانلىق ئويلارغا پېتىپ.
— ئويدىمۇ ئاپاڭ؟ — دەپ سورىدى رەيھان،
— ھە، — دىدى ئەخمەتجان تارتىنىپ بېقىپ.

قاپقارا قاشلىرى تۇرۇلدى ئۇنىڭ،
بىردەمدە كوڭلىدىن كەچتى تۇمەن ئوي.
ئۇ ئىدى ئەلەمنىڭ كوكسىدە تەنها،
قانىتى قايرىلىپ ئاداشقان قۇرغۇي.

دىلبەرخان رەيھاننى كورۇپ ئۇن سېلىپ
ئومرىدىن نالىدى، توكتى مۇنچاق ياش.



دىدى ئۇ: — نە كىرەك مۇنچە ئەلەمدە
ماڭا جاھان تۇتۇپ دۇنيادا ياشاش.

ئېيتقىنا قاي ئانا چىداپ تۇرىدۇ،
ئازغاندا كوز نۇرى ماڭار يولىدىن؟
نە ئامال ئانىغا يىغىدىن ئۆزگە،
كەلمىسە ئوغلىنى باشلاش قولىدىن.

بۇجۇدەك قارىسا ئۇنىڭغا ھەركىم،
شۇنچە كەڭ مەكتەپتە بولمىسا ئورۇن.
مەن نىچۇن قايغۇرماي، بولماي بىارام،
ئۇششۇتسە باغرىمنى باھاردا جۇدۇن؟

— قايغۇرماڭ، ئەخمەتجان ئەقىللىق بالا،
مەن ئۇنى سىنىپقا قىلىمەن قوبۇل...
بۇ سوزنى ئىشىكتە ئاڭلاپ ئەخمەتجان،
— راستمۇ؟ — دەپ رەيھانغا كەلگەندە ئۇدۇل.

— راست ئوغلۇم، جابدۇنغىن ئوقۇيسەن، — دىدى،
— مەن بارسام باشقىلار بولامدۇ رازى؟...
قاقاقلاپ كۈلگەندە رەيھان بۇ ئويدە،
ياڭرىدى شاتلىقنىڭ زەپمۇ شوخ سازى...

## ئىككىنچى باپ

ئويلەردە چىراقلار ئۆچكىنى نەكەم،
ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرار رەيھان.
ھەر دەپتەر ئېچىلسا ئۇنىڭ ئالدىدا،
تونۇش چىرايلار بولار نامايان.

قىزىل سيامۇ، يا يۈرەكنىڭ قېنى
دەپتەرنىڭ بېتىگە قەلەمدىن تامغان؟
ھەممىنى يادىدىن چىقىرىپ شۇ دەم،
پىكرىنى بىر يەرگە جەملىگەن رەيھان.

كىرلەشكەن بىردەپتەر تۇرار قولىدا،
نە تېشى، نە پۈتۈن ۋارىغىمۇ يوق.
سىزىلغان ھەر ياڭزا سىزىقلار ئارا،
كوردى ئۇ ئىشلەنگەن تاپشۇرۇق تولۇق.

دەپتەرنىڭ بېتىگە قىزىل قەلەمدە،
يازدى ئۇ: "بەك ياخشى يېشىپ سەن، رەخمەت."
كېزىنتە قاپلىدى دەپتەر تېشىنى،
يېزىلدى "ئەخمەتجان" دىگەن قېنىق خەت.



*

* *

ياڭرىدى مەكتەپتە قوڭغۇراق ئۈنى،
قىز-ئوغۇل يۈگرەشتى سىنىپقا قاراپ.
بەزىلەر: "مۇئەللىم كېلىۋاتامدۇ؟"، — دەپ
ھويلىغا قارىشار ئىشىكتىن ماراپ.

سىنىپقا كىرگەندە رەيھان خۇش چىراي،
"سالام!" دەپ باللار تۇردى ئورنىدىن.
باشلاندى دەرسمۇ تىنچىدى ھەممە،
ئاڭلىنار سىنىپتا ئۇچسا گەر چىۋىن.

— ئەخمەتجان!...
ئەخمەتجان تۇردى ئورنىدىن،
— دوسكىدا ئىشلىگىن تاپشۇرۇقنى سەن.
ئىشلىدى ھىساپنى چاقماقتەك سوزلەپ،
مۇئەللىم خۇش بولۇپ ماختىدى زوقمەن.

— يارايسەن، — ئوغلۇم دىگەندە رەيھان،
شاتلىقتىن تاقاشتى ئاسمانغا بېشى.
ئومرىدە تۇنجى رەت ماختاشنى ئاڭلاپ،
كوزىدە مولدۇرلەپ چاقنىدى يېشى.

*

* *

ئەخمەتجان ئولتۇرار لامپا قېشىدا،
قولارغا ئۇنچىدەك تىزىلىدۇ خەت.
يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە ئوينار،
ئىچىلسا دەپتەردىن رەتلىك پاكىز بەت.

بولاقتەك كوزىنى تىكىپ دەپتەرگە،
چوڭقۇر خىياللارغا چومىدۇ بەزەن.
رەيھاننىڭ قامىتى كەلسە ئالدىغا،
ھورمەت مۇنبىرىدىن باقىدۇ زوقمەن.

— دەپتەرنى پاكىزە، رەتلىك تۇت، — ئوغلۇم
دىدى ئۇستازى بېشىنى سلاپ.
ئۇن دەپتەر بەرگەندە بىر كۈنى ئاتا،
كوز يېشى توكۇلدى تارام-تاراملاپ.

سۇ ئىچىپ يايرىدى گودەكنىڭ كوڭلى،
قالمايدۇ مەكتەپتىن ماڭمىدۇ سەھەر.
رەيھاننىڭ مېھرىدىن بىخ سۈرگەن كوچەت،
كۈنسېرى ئۈلغىيار كوكلەپ شۇ قەدەر.



سىزمايدۇ بىھۇدە دەپتەر بېتىگە،
تەككۇزمەس ھەتتاكى بىر چېكىتتەك داغ.
ئانىنى قاخشاتماس كەلگەندە ئويگە،
ئاخشىمى ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ ساۋاق.

*

* *

سوۋادان دەرەخلىق تاش يولدا خوشال،
ئەخمەتجان مەكتەپكە كېلەر ئالدىراپ.
ئۈچ قەدەم نېرىدا تۇراتتى بەش پوك،
قوياشىنىڭ نۇرىدا يالتىراپ چاقناپ.

ئەخمەتجان ئالدى-دە، كەتتى يولىغا،
تاپشۇردى رەيھانغا تېپىۋالدىم دەپ.
مۇئەللىم قەلبىنى ئىللىتتى شۇ دەم
ئەخمەتجان كورسەتكەن بۇ ياخشى ئەدەپ.

مەكتەپتە بىر كۈنلۈك دەرسمۇ تۈگىگەن،
باللار بەنت ئىدى ئويۇنلار بىلەن؛
لابادىن ياڭرىغان ئاۋازغا شۇ دەم
قۇلاق سېپ توختاشتى دىققەتتى بىلەن.

ئەخمەتجان ھەققىدە سوزلەيدۇ قىزچاق:
"بەش پوكمۇ بىر ئىسىل خىسلەتكە گوۋا."

لابانىڭ ئۇنىگە جۇر بولدى گويا،
بۇلبۇللار قەلبىدىن ئۇرغىغان ناۋا.

خىجىللىق ئىلكىدە دىدى رەيھانغا،
— ھەركىمنىڭ بۇ ئىشنى قىلمىغى تەسمۇ؟
بەش پۇڭ پۇل نىمىگە ئەرزىيدۇ شۇنچە،
بۇ مېنى مازاقلاپ كۇلۇش ئەمەسمۇ؟

رەيھان مېھرى بىلەن سوزلىدى ئاگا:
— بەش پۇڭ پۇل ئېيتماققا، — دىدى راستىن ئاز.
لېكىن ئۇ قەلبىڭنى قىلار نامايەن،
ئەخلاقنى ئۇلچەشتە بىر مىزان-تاراز.

بىر خىشتىن، بىر خىشتىن قۇرۇلار بىنا،
تامچىدىن تورىلەر ياخشى پەزىلەت.
تىرىشساڭ كۇنسېرى ئورلەپ يۇقىرىغا،
تاپىسەن ھەرجايدا شەرەپ ۋە ھورمەت.

ئەتىسى مەكتەپتە ئېچىلدى يىغىن،
ئەخمەتجان قايتىدىن ئېلىندى تىلغا.
بولۇشقا لېيى قىچىچە ياخشى ئىزباسار،
پۇكتى بىر ئىستەكنى يالقۇنلۇق دىلغا.



تاپشۇردى قايتىدىن گالىستۇكىنى،
پىيونېر ئەتىرىدى ئۇنى چاقىرىپ.
ياش توكۇپ ئايرىلغان ئىككى يىل بۇرۇن،
ئەزىز گالىستۇكنى بويىنىدىن ئېلىپ.

ئەخمەتجان بويىنىغا تاقاپ گالىستۇك،
لېۋىدە تەبەسسۇم كەلكۇنى ئاقتى.
دىلبەرخان ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە
ئانىلىق مېھرىدە لېۋىنى ياقتى.

## ئۇچىنچى باپ

گۇلچېمەن سىنىپتا چاقتى سىمىشكا،
ئەخلەتكە تولدۇرۇپ پارتا تېگىنى.
باللار دوستانە بەرسىمۇ پىكىر،
زادىلا ئالمىدى قىلغان گېپىنى.

ئەخمەتجان مۇلايىم سوزلىدى كېلىپ:
— باللار ئېيتقان سوز توغرا گۇلچېمەن!
— كورگەنمەن كۇرمىڭنى سەندەك ئاكتىپتىن
ئوزەڭنى جوندىۋال ئالدى بىلەن سەن.

ئەخمەتجان ئونچۇقماي ئالدى سۇپۇرۇپ،
ئەخلەتنى شازىغا پاكىز، قالدۇرماي.

گۇلچەمەن غوتۇلداپ دىدى: — جەللىگۇر
بولۇپتۇ يالغاندىن ئاكتىپ، ئايلىناي.

ئەخمەتجان ئىشەنمەي قۇلاقلىرىغا،
سورىدى: — سەن نىمە دىدىڭ، ئىپىتقىنا؟!
— تانامسەن جەللىگۇر قىلمىشىڭدىن سەن،
سەنچىلىك مەن تېخى قىلمىدىم گۇنا!

— بۇ گەپنى ئىككىنچى ئالساڭ تىلىڭغا،
كورىسەن مېنىڭدىن كورگۇلۇكنى سەن
— شۇنداقمۇ؟
سىلاپباق پىشانەڭنى سەن،
تانامسەن ئىشىڭدىن جەللىگۇرغۇ سەن!

ئەخمەتجان چىدالماي بۇ ئاھانەتكە،
چىمەنىنىڭ يۇزىگە سالدى بىر كاچات.
ئەپسانە تىل بىلەن تىللاپ گۇلچەمەن،
يىغلىدى سىنىپتا كوتىرىپ ۋاي-دات...

چاقماقتەك تارالدى مەكتەپ ئىچىگە،
ئەخمەتجان بىر قىزنى ئۇردى دىگەن گەپ.
بەزىلەر پىچىرلاپ كۇلۇشۇپ دىدى:
— ئۇزىنى كورسەتتى: "بەش پۇڭلۇق ئەدەپ".



رەيھاننىڭ قەلبىگە خەنجەردەك پاتتى،
بۇ گەپلەر (ئالدىدىن بولسىمۇ ئايان).
بولۇمدىن چىققاندا ئەخمەتجان ئاكا،
ئەھۋالنى ئۇز ئەينى ئەيلىدى بايان.

رەيھاننىڭ چىرايى تۇرۇلمىدى ھىچ،
قىلمىدى ئۇنىڭغا ھەتتا قاتتىق گەپ.
— ئىپىتقىنىڭ بەك ياخشى، باشقىلاردىن مەن
ئىنىقلاي سوزلىشىپ ئۇنى بىر-بىرلەپ.

كۇن ئوتتى كۇنلەرنى قوغلاپ يورغىلاپ،
رەيھان ئۇزۇلدۇرمەي قىلاتتى سوھبەت.
ئەھۋالنى ئىنچىكە ئىگەللەش ئاكا
ھەممىدە ئويغاتتى تېخىمۇ ھورمەت.

رەيھان سوھبەت قىلار ئەخمەتجان بىلەن،
سوزلىرى شۇنچىلىك مۇلايىم، سىلىق.
ئەخمەتجان قەلبىدە باشلاندى باھار،
توكۇلگەچ رەيھاننىڭ شەپقىتى ئىللىق.

"تازىلىققا بۇنچىلىك كوڭۇل بولۇشۇڭ،
ئەخمەتجان سەندىكى ئەڭ ئىسىل خىسلەت.

شۇ ياخشى خىسلەتنى نابۇت ئەيلىدى،
ئادەمنى ئۇرۇشتەك بىر يامان ئىللەت.

گۈلچەمەن خورلىدى سېنى، بۇ ئايان،
سەن ئۇنى ئۇرۇشۇڭ ياخشى ئىش ئەمەس.
لېكىن قېنىڭنى ئويلىغىن، دوستقا يۈرىگى
باھاردەك ئىللىققۇ، ھەرگىز قىش ئەمەس".

ئەخمەتجان كوڭلىدىن بولدى-دە، قايىل،
سىنىپتا تەكشۈرمەك بولدى ئۆزىنى.
ئۇنىڭ بىر ئادىتى باردى ئەزەلدىن،
ئەمەلدە قىلاتتى ئېيتقان سوزىنى.

بەزىلەر دېيىشتى: "گۇناھسىز تۇرۇپ،
نېمىشقا ئۆزەڭنى قىلاتتىڭ تەنقىت.
گۈلچەمەن خورلىسا قىلىپ ئاھانەت،
باش ئەگسەڭ سەن ئاڭا، بارمۇ سەندە دىت؟"

ئەخمەتجان مۇلايىم دېدى: ئېيتىڭلار —
ئۇرغىنىم گۇناھىم بولمامدۇ مېنىڭ؟
ھەقىقەت ئايرىلسا قىلدىن قىرىققا،
يايرىماي قالامدۇ خوشلۇقتا جېنىڭ؟



سىنىپتا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتۈپ،
— ئەپۇ قىل، گۈلچەمەن، — دېدى ئوكۇنۇپ.
يىغلىدى گۈلچەمەن بۇقۇلداپ شۇ ئان،
ئۆزىنىڭ ئىشىدىن قەلبى ئۆرتۈنۈپ.

— ئەخمەتجان سەن كەچۈر ئەيىپ مېنىڭدە،
ئۇرۇنسىز ئاھانەت قىلدىم مەن ساڭا.
ئىككىلەن كورسەتكەن بۇ ئىسىل خىسلەت
ھەممىنىڭ قەلبىدە تاپتى زور باھا.

بۇ ۋەقە يېيىلىپ پۈتۈن مەكتەپكە،
قوزغىدى دىللاردا قىزغىن ھاياجان.
ئوقۇشتا، ھەر ئىشتا ياراتتى ئۈلگە،
كۆنسېرى يۇقۇرى ئورلەپ ئەخمەتجان.

## خاتىمە

مەكتەپنىڭ كۆلۈبى بېزەلگەن گۈلدەك،
تىكىلگەن سەھنىگە مىڭلىغان جۈپ كوز.
مەھلىيا ئەيلىدى ئەۋلات قەلبىنى،
مەكتەپنىڭ مۇدىرى قىلغان ھەر بىر سوز.

ئەخمەتجان "3 ئىشتا ياخشى" ئاتىلىپ،
كۆكسىگە گۈل تاقتى، ئالدى مۇكاپات.
پەرەڭدەك قىزاردى دۈگىلەك يۈزلىرى،
شاتلىقنىڭ كۆكىدە قاقتى شوخ قانات.

كۆلمەكتە ئانىسى زوقلىنىپ شۇ ئان،
كۆلمەكتە ئەجرىدىن روھلىنىپ رەيھان.
كۆلمەكتە ساۋاقداش بۇرادەرلىرى،
كۆلمەكتە گۈل ھىدى پۇركىگەن بوستان.

رەيھاننىڭ كۆلكىسى جاراڭلار تىنماي،
مېھرىدۇر ئەۋلاتقا سۆيۈپ پۈتمەس ساي.

1979-يىل دېكابىر، غۇلجا.

## رۇبائىلار

قورقىمەن ھەممىدە "مەن-مەن" دېگەندىن،
ئالدىمدىن تازىمىسىز ئۆتمە دېگەندىن.
ئەجەلنىڭ شەرۋىتىن ئىچكەن ياخشىدۇر،
"مەن" بىلەن جوزىدا ھەسەل يېگەندىن.

*
* *



ئالمىنى قولۇمغا ئالغان چاغدا مەن،
سېزىمەن ئۆزەمنى گۈلشەن باغدا مەن.
ناخشامدىن بىر ئالما يىگۈزمەي ئەلگە،
كۆز يۇمسام كېتەرمەن ھەسرەت، داغدا مەن.

*
* *

مۇشەققەت، ھالاۋەت قوشكېزەك ئەسلى،
قىش ئۆتسە كېلىدۇ گۈلباھار پەسلى.
يەڭ تۈرۈپ تەرتوكسە ئانا يەرگە كىم،
كۆپىيەر ئازايماس بايلىغى-ۋەسلى.

*
* *

تەبەت ياراتقان ئىدى تېنىمنى،
زامان سۇيۇندۇردى تەندە جېنىمنى.
ئاققۇزاي بوستانلار تۈۋىگە مەنمۇ،
قەلەمدىن تامغان يۈرەك قېنىمنى.

*
* *

ئالما شېخى ئېگىدىكەن بېشىنى يەرگە،
ئايلىناركەن قۇملار ئەلنىڭ كۆچىدىن زەرگە.
ئەل ئالدىدا غادىيىشتىن ساقلا ئۆزەڭنى،
ئايلانماقچى بولساڭ ئەلگە يارامىلىق ئەرگە.

*

* *

سوكمەن قەلەمدە مەن نادانلىقنى،
تىلىگەچ ۋەتەنگە مەن ئامانلىقنى.
دوستلارغا تىلەرمەن دائىم خوش ئۆمۈر،
يەلكەمگە يۈدۈپ شات ناتاۋانلىقنى.

*

* *

سەن خەلق قەلبىنى ئېتەلىسەڭ شات،
ئەۋزەلدۇر مىڭ باغنى قىلغاندىن ئاۋات.
خۇلقىڭدىن كوڭلىدە قوزغىساڭ ھەۋەس،
ئۆلمەيسەن ھەر ئۆيدە ياشايسەن ھايات.

*

* *

بىلىمنى دېيىشەر قۇرىماس بۇلاق،
قانچىلىك ئىشلەتسەڭ خورىماس بۇلاق.
بىلىم ئىنسانغا تالماس قاناتتۇر،
يۈرىگىڭ بولسا گەر سوۋۇماس بۇلاق.

*

* *

ئاقىلسەن ھەر ئىشتىن ئالغىن بىر ساۋاق،
پەس خۇلۇق، ئادەتنى ئۆرتە، ئوتقا ياق.



ئاپىرىن ئېيتىدۇ ساڭا ئەل-يۇرتۇڭ،
ئەجرىڭ ئۈزۈمىدىن بەرسەڭ بىر ساپاق.

*

* *

ئاقىلسەن تامادىن مەڭگۈ يىراق بول،
تاماگەر ئاقىۋەت ياۋغا بولار قۇل.
تاماگەر تېنىدىن كېلەر قان ھىدى،
سويۇملۇك ئانىدىن ئەۋزەل ئاڭا پۇل.

*

* *

ياخشىدىن ئىنسانغا كەلمەس يامانلىق،
ياماندىن ئەل يۇرتقا يوقتۇر ئامانلىق.
يامانىڭ خىسلىتى پۇل، مەنسەپ ئۈچۈن
ھەتتاكى يارىنى قىلار قۇربانلىق.

*

* *

بىھۇدە ماختاشقا ئۇچساڭ ئەگەردە،
بېشىڭنى كورىسەن ئەتىلا يەردە.
دوستلىرىڭ ئاغرىتىپ ئېيتقاندا ساڭا،
سەن ئاڭا ئالدىراپ قىلمىغىن زەردە.

1961 — 1979-يىللار.

# شائىرغا

كوتەردى مەي تولۇق جامنى قىلىپ خەندە هايات، شائىر،
سائادەت بۇلبۇلى ئۇچتى قېقىپ ئەركىن قانات، شائىر.

ئۇمۇر بوستانلىرى كۆلدى چېچىپ بويى ئىپار هەر يان،
چىمەنلەر لېۋىدىن ئاقتى دىلىڭغا قەن-ناۋات، شائىر.

قەلەمدىن گۈل چېچىپ تىنماي يۈرەكنىڭ تارىنى چەكتىڭ،
گۈلىستان ئىچرە كاككۇكتەك قىلىپ دىللارنى شات، شائىر.

بۇلاق ئەيلەپ يۈرەكنى سەن مۇهەببەتنى قىلىپ ئىزهار،
خەلقنىڭ قەلبىدە پۈتمەس خوشال كۆلكە يارات، شائىر.

سامادىن هالقىسا توهپەڭ تەمەننا ئەيلىمە زىنهار،
تەلەپكار بول ئۇلۇغ ئىشقا ئىسىل قەترەڭنى قات، شائىر.

هەسەتخورلۇققا يار بولما، قەلەمداش غەلبىسىدىن كۈل،
يالا-توهمەتۇ-غەيۋەتتىن كوڭۇلنى قىل ئازات، شائىر.



ئاتار بولساڭ ۋەتەن-ئەلگە ئەگەر ئۆمرۈڭ-باهارىڭنى،
سەمىمى كۈل، ساپا بولسۇن زەهەرلىك كۈلكە يات، شائىر.

ئىجادىڭ پارلىغاي دىلىنىڭ كوكىدە مىسلى چولپاندەك،
بولار ئەۋلاتقا يالداما سېنىڭدىن ياخشى ئات، شائىر.

ۋەتەن بوستانىدا كوكلەپ، چېچەكلەش مەقسىدىڭ بولسا،
ۋەتەنگە، ئەلگە بۇلبۇلدەك يۈرەك رىشتىڭنى چات شائىر.

1980 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

# دىلبەر تاپ

مۇشەققەت كانىنى قازسەن يېتىپ ۋەسلىڭگە گەۋهەر تاپ،
ئۇمۇر گۈلشەنىنى كوكلەت، شىپالىق ئابىكەۋسەر تاپ.

قانائەت كوكسىنى تىلغىن شىجائەت قەلىمى بىرلە،
بىلىمنىڭ كانىنى ئىزلە ۋەتەن بەختىگە ئەختەر تاپ.

لېۋىڭدىن ئەلگە بال بەرمەي، ئوغۇلمەن دىمىگىن زىنهار،
هەسەل هەرە كەبى تىنما، ئۇمۇرگە گۈلى ئەنبەر تاپ.

كوزۇڭدە كورگىنىڭ بىرلە كوڭۇلدە كورمىسەڭ بولماس،
تەبەت سىرىنى يەشكىن، ئىلىم قامۇسى دەپتەر تاپ.

نەسىھەت جامىدا مەينى ئۇزاتتى ساقىيا بۇلبۇل،
مەگەر ئولمەي دىسەڭ ئەلدە ئىجات بېغىدا دىلبەر تاپ.

1980 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## تەمبۇر ناۋاسى

سويۇندى جانلىرى ئەلنىڭ بۇگۇن تەمبۇر ساداسىدىن،
ئالار ئەندىزە بۇلبۇللار ئۇنىڭ جۇشقۇن ناۋاسىدىن.

يۇرەك تەشنا ئىدى زىل تار بايان ئەتكەن مۇقاملارغا،
ئۇزۇلگەنتى كۇمۇش تارى يالا-توھمەت بالاسىدىن.

لىۋىدىن كوي ئاقار ئوقچۇپ، جىمىكى باغۇ-گۇلزارنىڭ،
ھوزۇر تاپتى يۇرەكلەر شات، باھار پەسلى ھاۋاسىدىن.

ئۇمىت بوستانى بوي سوزدى، كوڭۇللەر سۇ ئىچىپ كولدى،
سىلىپ تەمبۇرغا سىم شادان، قۇياش نۇرى تالاسىدىن.



— ھۇسەنجانغۇ، — دىدى تىڭشاپ بىرى تەمبۇر ئاۋازىنى،
سادا كەلدى ئېيتىپ ئالقىش ۋەتەننىڭ تاغ-دالاسىدىن.

بېسىپ پەدە ئۈرۈلغاندا كۇمۇش تارغا سەدەپ ناخۇن،
قوشاق توكتى خوشال بۇلبۇل كوڭۇل ئىشقى لاۋاسىدىن.

1980 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## ئۈزەمگە

ئومۇر قەدرىگە يەتكەنلەر نەپەستىن گۇل توكەر، بىلسەڭ،
ھايات ياپراق توكەر بىر كۇن باھار پەسلى ئوتەر، بىلسەڭ.

ئامانەتتۇر تېنىڭگە جان، غەنىمەتتۇر مۇشۇ پۇرسەت،
خازان ۋاقتى يېتىپ كەلسە دىلىڭ غەمگە چوكەر، بىلسەڭ.

ۋاقىتنى تۇتقىلى بولماس، ۋاقىت بىلگىن ئاقار يۇلتۇز،
نىشانەڭ قالمىسا ئەلدە، سېنى ئەۋلات سوكەر، بىلسەڭ.

كوڭۇلنى مەيلىگە قويما، تۇتۇپ پۇرسەتنى تىزگىن سال،
توكۇلگەن تامچا تەرىڭدىن قىزىل چوغلۇق ئۇنەر، بىلسەڭ.

ۋەتەننى قارچۇغۇڭ بىلسەڭ، تېنىڭنى كومسمۇ تۇپراق،
مازارىڭ ئۈستىدە تاڭلا قىزىل گۈللەر ئۈسەر، بىلسەڭ.

ئۈزاركەن يۈرىكى تەندە قىلار بۇلبۇل خوشال خەندە،
ئىجادىڭ ئەل ۋۇجۇدىغا سىڭى ئاسراپ كومەر، بىلسەڭ.

1980 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

# نىچۈن مېھرى باھار بولماس

جاھاندا بىل خازانى يوق گۈلىستان ـ گۈلئۈزار بولماس،
جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق، قۇرۇق شاختا ئانار بولماس.

كىمكى قىلمىسا پەرۋىش كوكۇل باغىدا ئارزۇنى،
تاپالماس ئۇمرىدە جانان، ۋىسال مېھرىگە يار بولماس.

توكۇپ ئەجرىنى مىننەتسىز، خەلىققە مۇھ بەرگەنلەر،
تاپار ھەر دىلدا زور ھورمەت ئۇتەر يولىدا خار بولماس.

يۈرەكتە بار ئوتۇڭ بىرلە ھاياتنى نۇرلىتىپ ئۇتسەڭ،
ساڭا ئاقىللار ئەھلىنىڭ نىچۈن مېھرى باھار بولماس.



جېنىڭغا جان ئۇلا بۇلبۇل سېنىڭدىن قالمىسا بىر ئىز،
ئۇچەر نامىڭ بۇگۇن ـ تاڭلا، ھاياتتا مۇنچە ئار بولماس.

1980 ـ يىل ئىيۇل، غۇلجا.

# كوك قامىر ناخشىلىرى

(سېكىل)

## مۇقەددىمە

تاغلارغا كەلدىم، گۈللەرنى كەچتىم،
شېرىيەت بوستىنى ئالدى قۇچاققا.
ھەر چېچەك تەرىپى بولدى مىڭ داستان،
يۈرىكىم ئايلاندى مولدۇر بۇلاققا.

شۇ بۇلاق سۈيىدىن ئىلىپ كەلدىممەن،
دوستلارنىڭ تەشناسى قانارمىكىن دەپ.
گۈزەللىك ئىشقىدا ئويناق يۈرىكى،
قۇياشتەك نۇرلىنىپ يانارمىكىن دەپ.

## يايلاقتا سەھەر

تورغاي چۇچۇلىدى، ئويغاندى يايلاق،
گۈللەرگە شەبنەمدىن خال قويدى چولپان.
جىلغىلار بېشىغا تۇتۇپتۇ كۈنلۈك،
يوتىلار ماڭلىيى نۇرلىنىپ يانغان.

چوققىلار ئارتىپتۇ ئاپپاق بېشىغا،
رەڭمۇ-رەڭ يىپەكتىن توقۇلغان رومال.
سويگۈ ۋادىسىدا قىپ-قىزىل چوغلۇق،
ساداقەت چوققىسىدا كورسەتكەن جامال.

بىر تاتلىق ئەكىلەپ، سويۈپ يۈزۈڭدىن
قوغلىشىپ ئوينايدۇ تاڭغى شاماللار.
شىلدىرلاپ ئاققان بۇلاق سۈيىگە،
ۋىسال قىسسىسىنى سوزلەيدۇ تاللار.

ئەن چىرقاپ تاغ سۈيى كېلەر ئۇزاقتىن،
ھاياتلىق قەلبىدە كۈلدۈرۈپ بوستان.
قۇلۇنلار كىشنەيدۇ، مەرەيدۇ قويلار،
ئات چاپار ئايغىلاپ يايلاقتا چوپان.



ساۋمالغا* تولدۇرار ئىشچان كېلىنچەك،
كىگىز ئوي ئالدىدا بېيىي چېلەكنى.
ھەزەلچان كوزلىرى، شىرىن سوزلىرى
كويدۈرەر مەھلىيا قىلىپ يۈرەكنى.

يايلاقلار ئويغاندى، ئويغاندى ھايات،
پىكىر قىيانلىرى ئاقتى كوكسۈمدىن.
يۇلتۇزلار ھەۋەسمەن قەلبىدىن شۇ چاغ،
ئىلھام چاچقىسىنى چاچتى ئۈستۈمدىن.

## تاغ سۈيى

تاغ سۈيى ئېيتقىن ماڭا، نېچۈن پۈتمەس،
يۈرەكنى سويۈندۈرگەن گۈزەل ناخشاڭ؟!...
دىلرەبا كۈيلىرىڭگە بولۇپ مەپتۇن،
كېزىمەن قىرغىقىڭدا سەھەر-ئاخشام.

ئاق بۇژغۇن چېچەكلەيدۇ ئېقىنىڭدا،
ئويناقشىپ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئاقساڭ.
گۈل ۋىسال قىسسىسىنى سوزلەر تىنماي،
ئويىنىشىپ قاسناقلارغا كوكسۈڭ ياقساڭ.

---

* ساۋمال — ئېچىمىغان قىمىز.

سەن شۇندا تىلغا كىردىڭ، تىڭلا! دىدىڭ،
سوزلىرىڭ يۈرەككە ئوت يېقىپ كەتتى.
ئىلھامىم كەزدى ئالقىش ۋادىسىنى،
ھىسلىرىم خوشال قانات قېقىپ كەتتى.

*
* *

"يايلاققا كەشتە بېسىپ قەدىمىمدىن،
كېلىمەن چوققىلاردىن، بۇلاقلاردىن.
جانلىرى سويۇنمەمدۇ ھاياتلىقنىڭ،
ناخشامنى ئاڭلىغاندا ئۇزاقلاردىن.

مەن نىچۈن ئالدىرىماي گۈل، گىيا، ساي
يولۇمغا تەلمۈرۈشۈپ كۈتۈپ تۇرسا.
ئېيت، نىچۈن چېچەكلىمەس بوزغۇنلىرىم،
كوكسۈمدە ۋىسال ئىشقى دولقۇن ئۇرسا.

ئاشىغى ئالدىرىمسا مەشۇغىنىڭ
ۋەسلىگە، سويگۈ ئىشقى گۈلخان ئەمەس.
گۈل-چېچەك قىسسلىرى دەرمان ماڭا،
قىلىمەن گۈزەللىكنى سەندەك ھەۋەس."

*
* *



بۇ ناخشا ئاقتى كوڭلۈم ۋادىسىغا،
بىر يولى تۈمەن بوستان كۈلۈپ كەتتى.
يۈرىكىم ئاسمىنىدىن يامغۇر بولۇپ،
ئىلھامنىڭ گۈل-چېچىگى يېغىپ كەتتى.

ۋۇجۇدۇم جامى تولدى شەرۋىتىڭگە،
سائادەت مۇنبىرىدە كۈلۈپ كەتتىم.
تاغ سۈيى ساڭا مۇخلىس بولۇپ تاڭدا،
كۆيلىرىڭ مەنىسىگە تولۇق يەتتىم.

*
* *

ئۆركىگەن شوخ كىيىكتەك ئېقىپ ئۆتكەن،
تاغ سۈيى شەپقىتىدىن تۇتقاندا جام.
جۇش ئۇرۇپ ئاقتى ئويناق ئېقىمدەك
يۈرىكىم بۇلىغىدىن قايناق ئىلھام.

## قىمىز ئىچكەندە

سورۇپ-سورۇپ گۈللۈك ئاپقۇردا،
بېلىق كوزى قىمىز ئۇزاتتىڭ.
كوزلىرىمىز ئۇچراشقان دەمدە،
مېيىغىڭدا كۈلۈپ قوياتتىڭ.

قىمىز ئىچىپ ياپىرىدى تېنىم،
لېكىن يۈرەك يالقۇندا ـ ئوتتا.
بولدى مېھمان ئىككى مەڭزىمگە،
قىزىل شەپەق ئاشۇ مىنۇتتا.

شۇندىن بۇيان قىمىز ئىچكەندە،
سەن كېلىسەن مېنىڭ ئالدىمغا.
چولپان بولۇپ يانغان كوزلىرىڭ،
شوخلۇغۇمنى سالار يادىمغا.

ئابى كەۋسەر سۇمۇ قۇيالماس
شەرۋىتىگە ئىچكەن قىمىزنىڭ.
شۇ قىمىزدەك ئىسسىق ۋە ئاپپاق،
سويگۇ تولۇق قەلبىمىز بىزنىڭ.

قىمىز ئىچىپ قانمايمەن شۇڭا،
قىدىرىمەن ئاۋۇلمۇ ـ ئاۋۇل.
قىمىز ئىچسەم ئەسلەيمەن سېنى،
گۇل يۈزلۈگۈم، چاچلىرى سۇمبۇل.

قىمىز ئىچسەم مەيلى قەيەردە،
مەن بولىمەن سېنى كورگەندەك.



لېۋىم تەگسە قىمىزغا ئەگەر،
سەن بولىسەن مېنى سويگەندەك.

## يايلاقتا يامغۇر

بۇلۇتلار قونغاندا چېدىر ئۈستىگە،
يىلقىلار كىشنىشىپ سايغا بولدى جەم.
گۈل ـ گىيا باغرىغا قويدى بېشىنى،
بۇلۇتلار شۇ مەھەل ئېلىپ شىرىن دەم.

جىرالار لىق تولدى دىلرەبا كۈيگە،
قارغاينىڭ شاخلىرى ئۇسۇلغا چۈشتى.
مەر ـ مەرە تامچىلار توكۈلدى بىردىن،
تەبىئەت بىرتاتلىق خىيالغا چوكتى.

كېلىدۇ ئۈزۈلمەي بۇلۇت پادىسى،
گۈل ـ گىيا يۈزىدىن چاڭلارنى يۇيۇپ.
لالىلەر شاراپقا بولغان چاغدا جام،
ساقىلىق قىلىدۇ بۇلۇت مەي قۇيۇپ.

پارلىدى رەڭمۇ ـ رەڭ ھەسەن ـ ھۈسەندەك،
چىمەنلەر مەڭزىدە شاتلىق تامچىسى.

يوتىلار ئانارگۇل نۇسخىلىق گىلەم،
چوققىلار ئۇستىدە بۇلۇت سايىسى.

## بۇلاق بېشىدا

جىرىڭلىتىپ چاچتەگگىسىنى،
قىز سۇ ئالۇر مولدۇر بۇلاقتىن.
ئويناپ كېتەر يۇرىگى ئۇنىڭ،
ئات كىشنىشى كەلسە ئۇزاقتىن.

كوزى چۇشتى ئاتلىق يىگىتكە،
ئىگىشكەندە كۇمۇش بۇلاقتا.
ئاقتى سويگۇ ۋادىسىدا قىز،
يېنىپ چوغدەك ئوتى پىراقتا.

يىگىت باقار لېۋىدە كۇلكە،
كوزلىرىدە ياندۇ گۇلخان.
ئاشۇ گۇلخان قىزىل شەپەقنى
قىز يۇزىگە قىلغانتى مېھمان.



## قىز ئۇزاتقاندا

قىز ئۇزىتىپ ئاۋۇل شات-خورام،
قوللىرىغا ئالدى ئالتۇن جام.
ئولەن ئېيتتى خوشلاشقاندا قىز،
دىلدا ئىلھام ياسىدى قاينام.

گۇلشەنلەرنىڭ ئەتىر بۇيىدەك
شىلدىرلىغان بۇلاق سۇيىدەك.
قىز قەلبىدىن توكۇلىدۇ كۇي،
سەھەردىكى تورغاي كۇيىدەك:

"يىغلىما ئانا كۇلۇپ قال،
ماڭلىيىمدىن سويۇپ قال.
سېتىلمىدىم مالغا مەن،
كۇلدى بەختىم بىلىپ قال.

يىغلىما ئاتا كۇلۇپ قال،
مېھرىڭ ئىدى ماڭا بال.

ئۆز ئەركىمىگە يول بەردىڭ،
سەن ئالمىدىڭ قالىن مال*.

تورغاي ئۇچار ئاسماندا،
قويلار ئوتلار ھەرياندا.
"جىلاۋ ئېيتىش"** يات ماڭا،
بەختىيارمەن جاھاندا"

باقتىم قىزنىڭ كۆلدەك يۈزىگە،
نۇر ئوقچىغان بىر جۈپ كوزىگە.
بۇلبۇل ئۈنسىز سالغانتى قۇلاق،
ناخشا بولۇپ ئاققان سوزىگە.

گۈل-گىيالار بولۇشقاندا لال،
بۇلبۇل قويدى چوغلۇققا سوئال:
"نىچۈن بۇ قىز توكمىدى كوز ياش
نىچۈن كۆلۈپ كۈيلەر بىمالال!؟"

---

* قالىن مال — قازاقلاردا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە چاي ئىچكۈز-
گەندە بېرىدىغان پۇل، مالغا ئوخشاش نەرسىلەر.
** جىلاۋ ئېيتىش — يىغلاش.



چوغلۇق كۈيلەر بىر يېڭى قوشاق،
مەسخۇش بۇلبۇل سالىدۇ قۇلاق:
"ئوڭشالغاچقا پەلەك قايتىدىن
كۆلدى ھايات، ئاۋۋال ۋە ئايماق."

چوغلۇق شۇنداق جاۋاپ بەرگەندە،
بۇلبۇل كۆلۈپ قانات كەرگەندە.
ۋۇجۇدۇمدا ئورلىدى گۈلخان،
ئىلھام قىزى چېچەك تەرگەندە.

كوز ئالدىمغا كەلدى قارا تۈن،
قۇلىغىمدا نالە-زارلىق ئۈن.
گۈزەل قىزلار سېتىلغان مالغا،
جىگەر-باغرى بولۇپ زەرداپ خۇن.

تاغ سۈيىدەك ئاققان كوز يېشى،
مال ئورنىدا باغلانغان بېشى.
تىلى تۇرۇپ، سوزلەلمىگەن قىز،
ھەسرەت، قايغۇ بولغان يولدىشى.

يالۋۇراتتى يىغلاپ زارۇ-زار،
جاھان بولغان قەپەزدىنمۇ تار.

گۉل ـ گىيالار كوزلىرىدە ياش،
"قىز جىلاۋى" مۇڭلۇق جاراڭلار...

"باشقا ئارتتىم بورتمە شال،
مەن ئەمەسقۇ ئاتا مال.
كورەرمەنمۇ يۇزۇڭنى،
جانىم ئاتا ئامان قال.

ئىشىك ئالدى مولدۇر سۇۋ،
مولدۇر سۇۋدا يۇزۇڭ يۇۋ.
يىغلىساڭمۇ ئامال يوق،
بەلىڭدى چەشە بەكەم بۇۋ*

ئەل قىشلايدۇ قايىچىدا،**
قامچا سىپى ئارچىدا.
ئەكىلىتىدۇ مىنى كىم،
ئەمدى يىراق چاچىدا.***

* بۇ قازاقچە سوز بولۇپ، ئانا، ئۇزەڭنى چىڭ تۇت، دىگەن مەنىدە.
** قايچا ـ يەر ئىسمى.
*** چاچى ـ يەر ئىسمى.



تاغ بىشىدا قارىغان،*
تومۇرى يەرگە تارىغان.
باۋرىم ئاكا جان سىڭلىڭ،
بوز تورغايدەك سايرىغان.

كوكتە ئۇچۇپ غاز قايتار،
ئەل يايلاۋدىن تىز قايتار.
ئارتىمدىن ئىزلەپ تۇرۇڭلار،
باۋرى** يوق دەپ ئەل ئەيتار."

شۇركەنگەندە غەزەپتىن تىنىم،
جۇش ئۇرغاندا تومۇردا قىنىم.
ئەتراپىمغا باقتىم، كۉلكىدىن
تاپتى هوزۇر يايرىدى جىنىم.

چوغلۇق كۇيلەر بىر يىڭى داستان،
قىز يۇزىگە شوخ كۉلكە مىھمان.
گۉل چاچىدۇ قىزلار بىشىدىن،
ئىشقى بىلەن هەر سەهەر چولپان.

* قارىغان ـ تاغدا ئوسىدىغان چاتقاللارنىڭ بىر خىلى.
** باۋرى ـ قازاقچە ئۇكا دىگەن سوز، بۇ يەردە ئۇرۇق ـ تۇققان مەنىسىدە.

قىز كۆلىدۇ بىقىپ ھەر يانغا،
شاتلىق بىرەر ناخشىسى جانغا.
قازاق قىزى تاپتى ئەركىنى،
تاپتى ۋىسال، يەتتى ئارمانغا.

## خاتىمە

گۈزەل تاغلار خۇش قال مەن كەتتىم
شاۋقۇنلىغان ئىلى بويىغا.
سەندە ئۆتكەن كۈننى سوزلەيمەن،
گىرە سىلىپ يارنىڭ بويىنغا.

خۇش قال تاغلار، سىنىڭ مىھرىڭنى
مەن ئۆمرۈمنىڭ بەرگىگە چاتتىم.
سەندە ئۆتكەن شىرىن دەملەرنى
جاراڭلىغان كۈيۈمگە قاتتىم.

1980 - يىل ئاۋغۇست، ئىلى قايچا.
1980 - يىل سىنتەبىر، ئۈرۈمچى.



## قەشقەر ھەققىدە مۇخەممەس

بەخت-تەلەي نۇرى يانغان جامالىڭ بىغۇبار قەشقەر،
سائادەت بوستىنى باغرىڭ نۇرانە گۈلباھار قەشقەر،
ئۆزگە جەملىگەن مىھرىڭ شارابىنى ئانار قەشقەر،
جامالىڭ ۋەسپىگە شۇنچە بولۇپمەن ئىنتىزار، قەشقەر،
كۆكۈل جامىدا مەي تۇتتۇم قوبۇل قىل ھور دىيار قەشقەر.

قىرىقتىن ھالقىدىم مەنمۇ، يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى،
پىكىر ۋادىسىنى كەزدىم، بىشىمدىن قانچە ئىش ئۆتتى،
قونالغۇلار ئارا جانان كىچىچە زارىقىپ كۈتتى،
ۋىسال بوستانىدا چولپان جۇلالىق نۇرىنى توكتى،
سىنى كورمەكنى ئارزۇلاپ بولۇپمەن ئىنتىزار، قەشقەر.

بىسىپ مەھمۇتنى* باغرىڭغا، قىلىپ مىھرىڭنى شەرۋەتسەن،
كامالەت تاجىنى بەردىڭ، تىپىپ ئالەمدە ئىززەتسەن،
كۆكۈل مەيلىمنى ئۇتقاچقا ئويۇم-پىكرىمگە ئۇلپەتسەن،

* مەھمۇت قەشقىرى.

بىجا ئەيلەشكە ئاشىقتىم توكۇپ نەزمەمدە ھورمەتمەن،
بوۋاقتەك ساڭا تەلپۈندۈم ئانامسەن گۈلئۈزار قەشقەر.

يۈسۈپنى* ئەيلىدىڭ ئاشىق خەلقـتەك دىلى ئاتەشكە،
بىھىش ھوزۇرى ئۇلپەتدۇر گۈزەل باغرىڭدا ھەركەچكە،
ياناغىڭدا شەپەق مېھمان، كوزۇڭدە نازۇ-كەرەشمە،
لېۋى تەشناغا دەرماندۇر گۈزەل تارىم، كۆمۈش چەشمە،
يامان كوزدىن سېنى ئاسراپ، ئاساي ئالتۇن تۇمار، قەشقەر.

بىھىش كىرەم قۇچاغىدا بوۋام ئالەمگە كوز ئاچقان،
پەلەكنىڭ گەردىشى بىرلە نادامەت كوكسىگە باسقان،
ۋىسالنى دىلغا جاھ ئەيلـەپ بالا دەشتىدە ئاداشقان،
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن يەڭگەن شاياتۇننى قىلىپ ۋەيران،
باھادىر، مەرت نەسللەرنىڭ تېنىگە جان، مادار، قەشقەر.

قاچانكىم تاڭ قىلىپ جىلـۋە مۇرادىڭ چاقنىدى پارلاق،
راۋاپىڭ تارىنى چەكتىڭ سائادەت باغىدا قۇۋناق،
لېۋىڭدە كۈلكە دەرياسى، دىلىڭدىن ئۇرغۇدى قوشاق،
قۇچاقلاپ چوككىدە سويدى بەختىڭ دىلبىرى خۇشچاغ،
بويۇڭدىن ئورگىلەي مەنمۇ، سويۇملۇك گۈل دىيار قەشقەر.

* يۈسۈپ خاس ھاجىپ.



ناۋا قىلسا قۇچاغىڭدا تېنىمنى ئېرىـتىپ پاتەم،*
كېزىپ ئىلھام چىمەننى قىلىپ پىكرىمنى دىلغا جەم،
قەلەمگە ئىلتىجا ئەيلەپ يانارمەن چوغ بولۇپ شۇ دەم،
قەدىناس دوستلىرىم بىرلە بولۇپ ھېيتكاردا مەن ھەمدەم،
دىماغىمغا ئۇرار تىنماي سېنىڭدىن خۇش ئىپار، قەشقەر.

بوۋامنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن سېنىڭ ئېزگۇ قۇچاغىڭغا،
جەھەننەم ئوتى ئۇچقۇندۇر سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭغا،
كوزۇمنىڭ گەۋھىرى تامسۇن، بېقىپ سەرۋى سىياقىڭغا،
نە ئارمان خال بولۇپ چۈشسەم سېنىڭ گۈلدەك ياناغىڭغا،
سېنى مەن ئەيلىسەم تەرىپ، تىلىمدىن بال تامار، قەشقەر.

ئىلى باغىدا بۇلبۇلمەن، قىلار مەن گۈل ئارا خەندە،
ئېتەرمەن پەرۋىرىش ھەردەم سېنىڭ ئىشقىڭنى پاك تەندە،
زىيارەت ئەيلىسەم دوستلار جامالىنى كۈلۈپ سەندە،
قالارمۇ زەررىچە ئارمان مەگەر پۈتسە نەپەس مەندە،
راۋابىڭغا قىلاي دەيمەن كوكۈل رىشتىمنى تار، قەشقەر.

1980 - يىل ئوكتەبىر، غۇلجا.

* قەشقەر خەلقىنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى پاتەم قۇربان كوزدە تۇتۇلدۇ.

# مېھرىڭنى شەبنەم قىل

ھايات گۈلزارى خوش كۆلدى يىگىت مېھرىڭنى شەبنەم قىل،
كۆڭۈل ئىشقىڭنى ھەر گۈلنىڭ لېۋىگە ئابى زەمزەم قىل.

چىمەندە غۇنچىگە ئاشىق بولۇپ جىسمىڭ يانار بولسا،
تۈمەن ئىلھام بۇلاغىنى يۈرەك دەرياسىغا جەم قىل.

مۇھەببەت ئەھلىگە ھۆرمەت شارابىنى قۇيار بولساڭ،
پىكىر تۇلپارىغا مىنگىل نەپەستە سەيرى ئالەم قىل.

توكۇپ ئەجرىڭنى ئاق يەرگە، شېكەرخەند مېۋىزار ئەيلە،
لېۋىڭدىن ئاققۇزۇپ كەۋسەر خەلق كۆڭلىگە مەلھەم قىل.

مۇشەققەت كۆكىدە تاۋلا قاناتىڭنى يىگىت ئەمدى،
گۈزەل ئىقبال يولىغا ماڭ، بىلىكىڭنى ئەمدى مەھكەم قىل.

كۆزىڭگە يولىماس ئۇيقۇ، چىمەن ئاشناسى بۇلبۇلنى —
يىگىت رازى ئېتەر بولساڭ ئۇيۇڭنى ئەلگە ھەمدەم قىل.

1980 - يىل دېكابىر، غۇلجا.



# مېۋىزار پەيدا

ئىناقلىقتا سائادەت بار، سائادەتتىن باھار پەيدا،
باھار ئەييامى گۈل ئىچرە بولۇر خەندانە يار پەيدا.

ئىناقلىق گۈل چېچەر تاشقا، ئىناقسىزلىق چىقار باشقا،
ئىناقلىقتىن بولۇر ئەلدە يېڭىلمەس كۈچ مادار پەيدا.

جاھاندا قايسى بىر مىللەت ياشاپتۇ كۆكسىنى كېرىپ،
ئىناقلىقنىڭ پەزىلىدىن قىلىپتۇ گۈلئۇزار پەيدا.

كۆكەرمەك ئىستىسەڭ گۈللەپ، ھەسەت-زىتلىقتا خەنجەر ئۇر،
قىلۇر غەيۋەت بۇرادەرلەر ئىچىدە ھاڭۇ-يار پەيدا.

سېنىڭدە بولمىسا بىرلىك رەقىپ يەتكەي مۇرادىغا،
جاھالەت ئىلكىدە خەلقىڭ، بولۇر ئەلدە مازار پەيدا.

ئىناق بولماي تۇتۇپ نەيزە بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭغا باق،
خۇسۇمەت، پىتنە-ئىغۋادىن بولۇپتۇ قانچە دار پەيدا.

زاماندىن ئەلگە نۇر ياغسا بەخت ـ ئامەت كۈلەر شادان،
بولۇر ئەلنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈرەشكە ئىختىيار پەيدا.

زامان ئۈندەيدۇ ھەركىمنى، سامادا سەيلە ئەتمەككە،
ئۇيۇشقاقلىق مەدەت بىرلە بولۇر زور توھپىكار پەيدا.

نەسىھەت ئەيلىدى بۇلبۇل، ئۇيۇشقاقلىق ئىسىل خىسلەت،
بۇ خىسلەتتىن جىمى دىلدا بولۇر باغ ـ مىۋىزار پەيدا.

1981 ـ يىل يانۋار، غۇلجا.

# ناخشا تېكىستلىرى

## ئۈرۈك گۈللىگەن چاغدا

باھار زوقىغا چۆمدۇق
ئۈرۈك گۈللىگەن چاغدا.
كاككۇكتەك خۇشال كۈلدۇق
ئامرىغىم بىلەن باغدا.



ئۈرۈكتەك چېچەك ئاتتى
بەختىمىز، باھارىمىز.
تولدى ھوسنىگە زەپمۇ،
يۇرتىمىز ــ گۈلزارىمىز.

باغلاردا توكۇپ ساپ تەر،
ئىشلەيمىز ئېيتىپ ناخشا.
باغلارنى ئاۋات قىلماق
ۋەدىمىز ئىدى باشتا.

ئۈرۈك گۈللىگەن باغدا،
ئىشلەيمىز، مەردانە بىز.
ئامرىغىم بىلەن مەڭگۈ،
بۇ باقچا پەرۋانە بىز.

1979 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## ۋەتىنىم ھاياتىمسەن

ساڭا ئاشىق بۇلبۇلمەن،
ۋەتىنىم گۈلزار بېغىم.
ئوتەر سەندە شات ـ خورام
گۈل ئومۇر ياشلىق چېغىم.

تۇتىيا تۇپراقلىرىڭ،
سۈلىرىڭ كەۋسەر ماڭا.
يالقۇنلىغان قەلبىمدىن
مۇھەببەت ئاقار ساڭا.

جانىجان ۋەتەن ئانا،
كوز نۇرۇم ھاياتىمسەن.
پەرۋاز قىلسام كوكلەردە
قايرىلماس قاناتىم سەن.

قايتارما:

ۋەتىنىم ھاياتىمسەن،
قايرىلماس قاناتىم سەن.

1980 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## دۇتتار كۈيى

پەدە بېسىپ ئۇرسام قولنى جۇپ تارىغا،
يۈرەكلەرنى ئويىنىتىدۇ دۇتتار كۈيى.
ئويغاتقاندەك بۇلبۇل ئۇنى گۈل - چېچەكنى،
ھىسسىياتنى قوزغىتىدۇ دۇتتار كۈيى.



باشلاپ كىرىپ مېنى ھايات گۈلزارىغا،
ئىشچانلارغا سىرداش ئېتەر دۇتتار كۈيى.
چېكىپ كوڭۈل تارلىرىنى قىز - يىگىتنىڭ،
يۈرەككە ئوت يېقىپ ئۆتەر دۇتتار كۈيى.

كۈيچى بۇلبۇل كېلىپ قونار پەدىسىگە،
مۇقامىمغا بەرگەندە جان دۇتتار كۈيى.
شوخ ناخشامنى بېغىشلايمەن خەلقىمگە مەن،
چېلىپ سېنى ياڭراق سازىم ئومۇر بويى.

1981 - يىل مارت، غۇلجا.

## يار ئىشقىدا پەرۋانە مەن

كېلىپ كوكلەم ئېچىلسا گۈل،
كۆلەر ھەريانە، ھەريانە.
قىلىپ بۇلبۇل خوشال نەغمە،
بولۇر شادانە - شادانە.

چېچەك پەسلى باھار چاغدا،
نىگارىم گۈل قىسىپ باغدا،
توكۇپ ساپ تەر ئانا يەرگە،
ياسار بوستانە - بوستانە.

تۇتىيا تۇپراقلىرىڭ،
سۇلىرىڭ كەۋسەر ماڭا.
يالقۇنلىغان قەلبىمدىن
مۇھەببەت ئاقار ساڭا.

جانىجان ۋەتەن ئانا،
كۆز نۇرۇم ھاياتىمسەن.
پەرۋاز قىلسام كۆكلەردە
قايرىلماس قاناتىم سەن.

قايتارما:

ۋەتىنىم ھاياتىمسەن،
قايرىلماس قاناتىم سەن.

1980 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## دۇتتار كۈيى

پەدە بېسىپ ئۇرسام قولنى جۈپ تارىغا،
يۈرەكلەرنى ئوينىتىدۇ دۇتتار كۈيى.
ئويغاتقاندەك بۇلبۇل ئۈنى گۈل ـ چېچەكنى،
ھىسسىياتنى قوزغىتىدۇ دۇتتار كۈيى.



باشلاپ كىرىپ مېنى ھايات گۈلزارىغا،
ئىشچانلارغا سىرداش ئېتەر دۇتتار كۈيى.
چېكىپ كۆڭۈل تارلىرىنى قىز ـ يىگىتنىڭ،
يۈرەككە ئوت يېقىپ ئۆتەر دۇتتار كۈيى.

كۈيچى بۇلبۇل كېلىپ قونار پەدىسىگە،
مۇقامىغا بەرگەندە جان دۇتتار كۈيى.
شوخ ناخشامنى بېغىشلايمەن خەلقىمگە مەن،
چېلىپ سېنى ياڭراق سازىم ئۆمۈر بويى.

1981 ـ يىل مارت، غۇلجا.

## يار ئىشقىدا پەرۋانە مەن

كېلىپ كۆكلەم ئېچىلسا گۈل،
كۈلەر ھەريانە، ھەريانە،
قىلىپ بۇلبۇل خۇشال نەغمە،
بولۇر شادانە ـ شادانە.

چېچەك پەسلى باھار چاغدا،
نىگارىم گۈل قىسىپ باغدا،
تۆكۈپ ساپ تەر ئانا يەرگە،
ياسار بوستانە ـ بوستانە.

كېلىپ يارىنىڭ قېشىغا مەن،
تېگىپ قويسام چېشىغا مەن،
تاۋار ياغلىق بىلەن ئۇردى،
مېنى جانانە ـ جانانە.

بولۇپ ھەمدەم نىگارىمغا،
يېتىپ ۋەسلى قارارىمغا،
دىيارىم ئىشقىغا بولدى،
يۈرەك پەرۋانە ـ پەرۋانە.

1981 ـ يىل مارت، غۇلجا.

## گۈلزارنىڭ گۈلى دەيمۇ؟

بوستاندا كۈلۈپ تۇرساڭ،
گۈلزارنىڭ گۈلى دەيمۇ؟
جاناندەك ئاۋازىڭنى
بۇلبۇلنىڭ ئۈنى دەيمۇ؟

تەر توكۈپ چېچەكلەتسەڭ
ئەل سويگەن چىمەنزارنى.
گۈلشەننىڭ ۋاپادارى،
ئىشچاننىڭ خىلى دەيمۇ؟



كوڭلۇمنى ساڭا بەردىم
بەيگىدە چېلىشلاردا.
دەۋراندىن ھايات تاپقان
ئۆمرۈم سۈمبۈلى دەيمۇ؟

قايتارما:
گۈلزارنىڭ گۈلى دەيمۇ؟
ئاشىق بۇلبۇلى دەيمۇ؟

1981 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا.

## كاككۇك

قىلىپ پەرۋاز چىمەنزاردا،
كۈلۈپ شات سايرىدىڭ كاككۇك.
چىمەنزارغا بولۇپ ئاشىق،
ئەجەپ خوش سايرىدىڭ كاككۇك.

كۆيۈك ئاقسا دالا ـ قىردا،
گۈزەل باغلار چىراي ئاچتى.
بولۇپ مەپتۇن ئاۋازىڭغا،
يۈرەكنىڭ شاتلىغى تاشتى.

ناۋا ئەيلە خوشال كاككۇك،
خۇمارمەن ناخشىغا سەندەك.
چىمەندە ياڭرىسا ناخشاڭ،
كۆڭۈلگە ياقىدۇ قەندەك.

1981 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا.

## چېچەكلىدى ھايات باھارى

(مۇستەھزات)

يۈرەككە قان، تېنىمگە جان بەردىڭ پارتىيەم،
ساڭا سادىقمەن.
سەن بۇيرىساڭ ئوت كېچمەن تېڭىرقىماي شۇ دەم،
ساڭا تالىقمەن.
مېھرىڭ بىلەن چېچەكلىدى ئۆمرۈم باھارى،
تاپتىم نىجاتلىق.
ئىشقىڭ بىلەن جاراڭلىدى يۈرەكنىڭ تارى،
لېۋىمدە شاتلىق.
كوزۇمگە نۇر، دىلىمغا ئوت بەردىڭ، يېتىلدىم،
قايناق كۈرەشتە.



زەررە بولۇپ مەرت سېپىڭگە مەنمۇ قېتىلدىم،
ئالغا ئورلەشتە.
جېنىم پىدا ئۇلۇغ غايەڭ ئۈچۈن، دېدىم مەن،
قىلدىم قەسەميات.
شەپقىتىڭدىن سويۈندى جان، ئۇچمەس قۇياشسەن،
نۇرلاندى ھايات.
سەن باشلىدىڭ، يېڭىشلاردىن يېڭىشقا ماڭدۇق،
مۇشكۇل سەپەردە.
ھەر سوزۇڭنى يالقۇنلىغان يۈرەككە تاڭدۇق،
غەلبە ـ زەپەردە.
كامال تاپتى ئەزىز ۋەتەن، كۆلدى قاقاقلاپ،
تەلەي ـ بەختىدىن.
باقتى بىزگە يېڭى دەۋران قۇياشتەك چاقناپ،
ۋىسال تەختىدىن.
ئۇتتى باشتىن جۇدۇن ـ چاپقۇن، پۇكۇلمىدىم مەن،
سەن بەردىڭ دەرمان.
"كەلدى نورۇز، كەلدى كوكلەم" ھوزۇرلاندى تەن،
چېچەكلەپ بوستان.
بۈگۈن قۇتلۇق تويۇڭدا مەن، قولۇمدا قەلەم،
ئېيتىمەن ناخشا.
ئەقىدىگە ساداقەتنى ساقلىدىم ھەر دەم،
ئەلگە بوپ ئاشنا.

شەپقىتىدىن چېچەكلىدى ھايات باھارى،
سايرىدى بۇلبۇل.
شەرىپىڭگە كۆي توقىدۇ يۈرەكنىڭ تارى،
ئەيلىگىن قوبۇل.

1981 - يىل ئىيۇل.

## گۈل ۋە بۇلبۇل

(داستان)

### مۇقەددىمە

باقىپ قىلدىم تاڭ پەيزىدە كۆلگەندە چولپان،
توكتى ئەترە گۈل - چېچەكلەر، ھوزۇرلاندى جان.
تاڭ شامىلى يۈزلىرىمنى سويۇپ ئۆتكەندە،
بۇلبۇل قونۇپ گۈل بەرگىگە قوشاق پۈتكەندە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىلىرى ئاچتى يۈزىنى،
شىرىن ئۇيقۇدەك باستى لېكىن بۇلبۇل كۆزىنى.
قىزىلگۈلنىڭ باغرىدا قان دېگىنى كوردۇم،
خىياللارنىڭ ۋادىسىدا ئادىشىپ يۈردۇم.
سىرداش بولدۇم قىرىق باھار بۇلبۇلغا، گۈلگە،



گۈل ۋە بۇلبۇل قىسسىسىنى پۈكتۈم كۆڭۈلگە.
خىيال بىلەن كېچىلىرى ئۇيقۇمۇ قاچتى،
چۈشلىرىمدە ئىلھاملىرىم كۆۋەجەپ تاشتى.
گۈل ۋە بۇلبۇل قىسسىسىنى ئەيلەشكە بايان،
قەلىمىمنىڭ ئاجىزلىقى ھەممىگە ئايان.
بىراق، ئۇيۇم بىر دەقىقە تاپمىدى ئارام،
قالارمەنمۇ كۆلكىگە دەپ بولدۇم بىئارام.
توختىمايدۇ سىۋەتتە سۇ قىلمىسا سەۋەپ،
جاپا چەكمەي يار ۋەسلىگە يېتىپ بولماس دەپ.
ئارام تاپماق بولدۇم سەھەر ئالدىم قەلەمنى،
قولدىن بەرمەي بۇ غەنىمەت پۇرسەتنى - دەمنى.

### بىرىنچى باپ

بىر يۇرت بولغان تىيانشاننىڭ ئېتەكلىرىدە،
ئېپار تېمىپ تۇرار ئىكەن چېچەكلىرىدە.
تاغ گۈللىرى چۈمكەپ تۇرار ئۇنىڭ كوكسىنى،
توت پەسلىدە يوقاتماپتۇ باھار ھۆسنىنى.
ساي سۇلىرى ئۇنچە چېچىپ ئوينىناپ ئاقىدۇ،
كېچىدە ئاي، كۈندۈز قۇياش خۇشتار باقىدۇ.
باغلىرىنىڭ جامالىغا بېھىشمۇ مەپتۇن،
ھويلا ئارام گۈل - چېچەكتىن كىيگەن چايشاپ تون.

قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ئالەم ئارا پۈر،
كۆزلىرىدىن ئېقىپ تۇرار دەريا-دەريا نۇر.
يىگىتلىرى باسقان يەردىن ئۈنەركەن چېچەك،
ئەمگەك سۆيەر، قولى چىۋەر، قورقماس تاغ يۈرەك.
يۇرت-يۇرتلاردا داستان ئىكەن نامى-شوھرىتى،
خانلىقلاردا ئاشار ئىكەن، ئىززەت-ھۆرمىتى.
مۇۋسىنىڭ شەرۋىتىگە قايىلكەن جاھان،
بىر چىشلىسە ھوزۇرلىنىپ ياشنار ئىكەن جان.
بۇ يۇرتلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى زاھىدخان،
قىلىچىدىن تامىغان ئىدى دەريا-دەريا قان.
يوقسۇللارنىڭ كۆزلىرىدىن قۇرىماي يېشى،
پەريات ئۇرۇپ، پىغان چەككەن تاغلارنىڭ تېشى.
گۈل-گىيالار لەۋلىرىدە ئۈيۈپ قالغان قان،
كەلسە باھار، ئېچىلسا گۈل سويۇنمىگەن جان.
تاغ چوققىسى داكا رومال ئارتقان بېشىغا،
ساي-جىرالار تولۇپ ئاققان ئەلنىڭ يېشىغا.
زاھىدخاننىڭ سەيلىگاھى قارغايزارلىق تاغ،
ئارامگاھى تاغ باغرىدا ئالمىزارلىق باغ.
ئالمىزاردا يوقسۇل ئەھلى توكەتتى قان-تەر،
تامچا تەرى خان تاجىغا قوندۇراتتى زەر.
ياشار ئىدى زاھىر ئاتلىق بىر ئۇستا باغۋەن،
تامچا تەرى مېۋىلەرنىڭ جىسمىدىكى قەن.



نۇرخان بىلەن چاتقان ئىدى ئۆمۈر بەرگىنى،
قوسىغىغا يەتمەس ئىدى تاپقان-تەرگىنى.
ئۆمۈر بويى رەنجىتمىگەن كىشى كۆڭلىنى،
مېۋىلەرگە پىدا ئەيلەپ پۈتۈن ئۆمرىنى.
يولاتمىغان يۈرىكىگە ئۆزگىچە خىيال،
دېيىشىدىكەن خەلق ئۇنى سۆزى تاتلىق بال.
يېزىلىقلار رەنجىتسىمۇ بەزىدە ئۇنى،
ئالمايدىكەن ئۆز كۆڭلىگە ئۆمرىدە بۇنى.
كەك ساقلاشنى بىلمەيدىكەن، كۆڭلى تۈز ئىكەن،
يۇرت-جامائەت ئارىسىدا ئادىل سۆز ئىكەن.
تەرىپىگە تۈمەن داستان ئېيتىلار ئىكەن،
توي-تۆكۈندە قوشاقلارغا قېتىلار ئىكەن.
نۇرخان ئىكەن ئۆز ئېرىنىڭ دەردىگە دەرمان،
پەرۋانىدەك ئايلىناركەن ئەتراپىدا ھەرئان.
چولپان كۆلمەي، كۈن پاتقىچە ئالمىلىق باغدا،
زاھىر بىلەن تەر تۆكەركەن ھەسرەتتە-داغدا.
ئاقكۆڭۈل ھەم ساددە ئىكەن قىزىق گەپلىرى،
تۈگىمەسكەن ئېيتسا-ئېيتسا تارتقان دەرتلىرى.
باشلىرىغا قىرو قونۇپ ئۆتۈپتۇ ئۇنىڭ،
يۈزلىرىگە يىللار قورۇق پۈتۈپتۇ ئۇنىڭ.
ئەل ئىچىدە داڭقى باركەن قولى گۈل دىگەن،
بارمىقىدىن تۆكۈلەركەن رەخقە گۈل-چىمەن.

بوستان چاچلىق، ئۇنچەم ئاتلىق قىزى بار ئىكەن.
چىرىغىنى ياندۇرۇشقا ئىزى بار ئىكەن.
ئەكىلىتىپ زاھىر كوزۇم قارىسى دەپتۇ،
نۇرخان سويۇپ يۇرىگىمنىڭ پارىسى دەپتۇ.
كىيىك كوزلۇك، ئانار يۇزلۇك قاشلىرى قەلەم،
گۇل ھوسنىدە بار گۇزەللىك بولغان ئىدى جەم.
ئورۇپ ئالغان ئون يەتتە تال سۇمبۇل چېچىنى،
يورۇتاتتى نۇر جامالى قارا كېچىنى.
بىر تال خال بار جىنەستىدەك لېۋى ئوستىدە،
كېچىدە ئاي، تاڭدا چولپان ئاشىق ھوسنىگە.
گۇل-گىيالار تازىم قىلار باققا كىرسە ئۇ،
كەزگىنىدەك گۇل-چىمەننى مىسالى ئاھۇ.
بارمىغىدىن گۇل توكۇلەر ئىدى ئۇنچەمنىڭ،
كەشتىسىدە گۇزەللىگى كۇلەر ئالەمنىڭ.
جىلۋە قىلسا كەشتىسىدە گۇل پەسلى باھار،
"كوز تەگمىسۇن" دەپ ئانىسى ئىسپىتۇ تۇمار.
گۇزەل قىزنىڭ نادىر ئاتلىق يارى بار ئىدى،
ئىشقى ئوتى سويگۇسىگە زىمىن تار ئىدى.
غېرىپ ئىدى بۇ يېزىدا نادىر ئەزەلدىن،
ئوز دەردىگە داۋا ئىزلەر ئىدى غەزەلدىن.
يىگىت كوكسى كۇي ئوقچىغان توختىماس بۇلاق،
ناخشىسىغا قىردا تورغاي سالاتتى قۇلاق.



دۇتتار چالسا پەدىسىگە قوناتتى تورغاي،
قامىتىنى ئەسلىتەتتى تاغدىكى قارىغاي.
يىگىتلەرنىڭ گۇلى ئىدى كوڭلى تۇز ئىدى،
بارچە يوقسۇل يات ئەمەستى، ئاڭا ئوز ئىدى.
ياش يىگىتلەر مەسلەتچىمىز دېيىشسە ئۇنى،
ئالاتتى ئۇ قېرىلارنىڭ ھەردەم كوڭلىنى.
چاپسا كەتمەن بىلىگىدە گۇمپا بار ئىدى،
كەزسە سەھرا جېرەن تېيى ئاڭا يار ئىدى.
ئاق يۇزىگە قوي كوزلىرى ياراشقان ئىدى،
يەر ئاستىدىن قىزلار خۇشتار قاراشقان ئىدى.
ۋۇجۇدىدا كۇچ-جاسارەت تۇراتتى تېمىپ،
مەڭزى بويلاپ قونغان تاڭنىڭ شەپىغى كېلىپ.
نادىر، ئۇنچەم ئاشىق بولۇپ كويۇشكەن ئىدى،
كوڭۇل بېرىپ بىر بىرىنى سويۇشكەن ئىدى.
ئۇچرىشاتتى تاغ باغرىدا بۇلاق قېشىدا،
قەلقەي ياغلىق يەلپۇنەتتى ئۇنچەم بېشىدا.
كوزىنى ئېلىپ كېلەر بۇلاققا سۇغا،
بېقىشلىرى ئوخشار ئىدى گويا ئاھۇغا.
نادىر كۇتۇپ تۇرار ئىدى ئۇندا ئۇنچەمنى،
يەلكىسىدىن بىر دەققە ئاغدۇرۇپ غەمنى.
قارىسىنى كورۇش بىلەن ئۇنچەمنىڭ بەزەن،
گۇل ئىچىگە موكۇپ تۇرۇپ باقاتتى زوقمەن.

ئۇنچەم كېلىپ يولەنگەندە ياپ-يېشىل تالغا،
چوڭقۇر تىنىپ، چومگەندە بەزەن خىيالغا.
چولتۇككىدە كېلىپ چۈشسە ئالما بۇلاققا،
— بولدى كوردۇم چىقمك نادىر، — دەيتتى بۇ ياققا.
تال تۇۋىگە نادىر كېلىپ باقسا يارىغا،
كورۇنمەس قول چېكەر ئىدى كوڭۈل تارىغا.
ئۇنچەم ئوپىناپ چاچلىرىنى يەرگە باقاتتى،
نادىر كېلىپ قىز مەڭزىگە لېۋىن ياقاتتى.
بۇلاق سۇيى جۇپ گەۋدىنى قىلاتتى ئايان،
موكەر ئىدى خىجىللىقتا تولۇن ئاي شۇ ئان.
ئىككى ئاشىق شىرىن ئارزۇ قۇچىغىدا مەس،
شۇ دەم ۋىسال توشىگىدە ئالاتتى نەپەس.
كوزىسىغا سۇنى ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنچەم،
ئۇزۇتاتتى نادىر ئەيلەپ كوز نۇرىنى جەم.
ئۇنچەم پات-پات يارى تامان قوياتتى قاراپ،
ۋۇجۇدىغا ھىجرانلىقنىڭ ئوتلىرى تاراپ.
يورغىلىشىپ كۇن كەينىدىن ئايلار ئوتەتتى،
ۋاراقلىنىپ يىل دەپتىرى چاپسان پۈتەتتى.
ئاشىقلارنىڭ يۈرەك ئوتى لاۋۇلدار ئىدى،
كوزلىرىدە ئۇچقۇنلىرى پالىلدار ئىدى.

* * *

زاھىدخاننىڭ پەرمانىدىن سىلكىنىپ ئالەم،



يوقسۇللارنىڭ گەجگىسىنى باستى تاغدەك غەم.
شاھزادىگە ياساش ئۇچۇن باغى ئەرەمنى،
ھاشار دىدى، ھەيدەپ ماڭدى مىڭلاپ ئادەمنى.
ھاشار بىلەن بولسا ئەلنىڭ يۈرىگى زەرداپ،
سەمرەر ئىكەن بايلىق تېپىپ ئاقساقال ئەرباپ.
يىغا-زارە قاپلاپ كەتتى يېزا ئۇستىنى،
ھىجران تىغى تىلىپ ئوتتى ئانا كوكسىنى.
قانچە قىزلار ئوز ياردىن بولۇشتى جۇدا،
يىتىم بوتا كەبى بوزلار بىتەلەي بالا.
ھىجران تىغى كوڭۈللەرنىڭ رىشتىگە تەگدى،
دەھشەت قۇيۇن لالىلەرنىڭ بەرگىنى ئەگدى.
تۇن-كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ، ياغلىقتا ئۇنچەم
كەشتىلىدى بىر تال غۇنچە سويۇندى ئالەم.
چولپان تۇغدى ماڭدى ئۇنچەم بۇلاق بېشىغا،
چوگىلەر ئىدى تۇگمەن تېشى ئاققان يېشىغا.
غەمكىن ئىدى ئوز ياردىن ئايرىلىپ نادىر،
ئوز جانانى-قانىتىدىن قايرىلىپ نادىر.
تەلمۇرەتتى سويگەن يارنىڭ يولىغا قاراپ،
بۇلۇتلاردىن چىقار ئىدى تولۇن ئاي ماراپ.
ئويلار ئىدى: ئۇنچەم نىچۇن كېچىكتى بۇگۇن؟
ئىتىگىنى يېيىپ قاچار ئىدى قارا تۇن،
قۇلىغىغا كىردى بىردىن قەدەم تىۋىشى،

كوچكىنىدەك كوكتە يۇلتۇز پۈتتى تەشۋىشى.
كەلدى ئۈنچەم ئەلەم بىلەن بۇلاق بېشىغا،
زامان ئۇغا سالغان ئۈنىڭ تەملىك ئېشىغا.
نادىر بېسىپ باغرىغا چىڭ لېۋى سۆزۈكنى،
بارمىغىغا سېلىپ قويدى تىللا ئۈزۈكنى.
"بۇ ئانامدىن تەۋەرۈك ھەم يالداما ماڭا،
ئەمدى سىزگە تىللا ئۈزۈك مەندىن يالداما."
دېدى ئۈنچەم: "ئەمدى كېتىپ كېلەرسىز قاچان؟
رىشتىمىزنى ئۈزمىسكەن ئايرىلىش ـ ھىجران.
يولىڭىزغا تەلمۈرۈشتىن كوزۈم تالمىسۇن،
ئازاپلىنىپ يول ئۈستىدە تېنىم قالمىسۇن".
"مەن كېلەرمەن ئۈنچەم غەمگە بولماڭ مۇپتىلا،
كويلىرىمنى يەتكۈزىدۇ تاڭدىكى سابا.
بۇلۇت كېتىپ قۇياش كۈلۈپ باقار ئالەمگە،
كۈلكىڭىزنى ئالماشتۇرماڭ ئەلەمگە ـ غەمگە.
بۇ ئۈزۈككە قاراڭ مېنى سېغىنغان چاغدا،
مەن بولارمەن ئالدىڭىزدا شۇ ھامان پەيدا.
مەن سېغىنسام سىزنى ئۈنچەم قىلارمەن قانداق؟
سىزدىن بەتتەر قىينار مېنى ھىجران، ئىشتىياق."
گۈل غۇنچىسى كەشتىلەنگەن ياغلىقنى ئۈنچەم
سۇندى ئاھۇ كوزلىرىدە كورۈندى شەبنەم.
تەمشەلگەندە ئېلىش ئۈچۈن نادىر ياغلىقنى،



قارا قۇيۇن باستى بىردىن زىمىن ـ بارلىقنى.
ئۈچتى ياغلىق قۇيۇن بىلەن ھاۋاغا شۇ ئان،
بىر نەپەسكە تۇتەك بىلەن قاپلاندى ھەر يان.
قول سوزۇشۇپ ئىككى ئاشىق تۇراتتى ھەيران،
ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغىنىدەك گويا يەر ـ جاھان.
پۈتتى كوزدىن بىر قاپتالغا كىرىپ شۇم قۇيۇن،
باقتى ئۈنچەم ئەلەم بىلەن بولۇپ جىگەر خۇن.
قىزنىڭ بوستان كىرپىگىگە قونغاندا شەبنەم،
دېدى نادىر: "بۇيرىماپتۇ، بولدى، يېمەڭ غەم."
قىز بېشىنى قويدى يىگىت كوكسىگە شۇ چاغ،
ئايرىلىشقا كوزى قىيماي تۇرۇشتى ئۇزاق...
كەلتۈر ساقى جامدا مەينى قانسۇن تەشنا دىل،
كەشتىلەنگەن ياغلىق نەدە؟ ـ شائىر بايان قىل!

## ئىككىنچى باپ

ھالقىغاندا زاھىدخانىنىڭ يېشى قىرىقتىن،
بىر كېنىزەك سېتىپ ئاپتۇ شەھىرى بەلختىن.
ئايخان ئاتلىق بۇ كېنىزەك ھىلىگەر ئىدى،
زاھىدخانىنى شەيدا قىلغان جىلۋىگەر ئىدى.
پەرزەنت دېگى زاھىدخانىنى قىينايتتى ھامان،
كېچە ـ كۈندۈز ئوغۇل پەرزەنت قىلاتتى ئارمان.

خاننى ئايخان ئارزۇسغا يەتكۈزمەك ئۈچۈن،
بار ئەقلىنى سالدى ئىشقا كۈندۈز ھەمدە تۈن.
ئويلاپ تاپتى بىر ھىلىنى كوڭلى تىنجىدى،
بىرنەچچە كۈن يالغان قۇسۇپ تاماق يىمىدى.
زاھىدخانغا خەۋەر بەردى ھامىلدارلىقتىن،
كوككە يەتتى خاننىڭ بېشى بۇ خوشاللىقتىن.
خەۋەرچىلەر سارجا كىيدى، ئېلىشتى ئىنئام،
ئوردا ئەھلى قۇللۇق ئېيتىپ كوتىرىشتى جام.
ئالتۇن قەسىر سالدۇرۇپتۇ ئايخان ئۈچۈن خان،
تاملىرىدا چېچەكلىتىپ رەڭمۇ-رەڭ بوستان.
باشلىرىغا ئالتۇن گۈلتاج تاقاپتۇ ئايخان،
ئەسىر بوپتۇ جامالىغا تېخىمۇ خاقان.
ھوسنى ئىقلىم بابىدا پۇر قىرىق يۇلتۇزنى،
سوزى شېكەر، قولى چۋەر چېچى قۇندۇزنى.
مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىپتۇ،
مەلىكىنىڭ دىگىنىنى قىلىپ بېرىپتۇ.
مەلىكىنىڭ خۇلقى شاھنى ئەسىر قىلىپتۇ،
ھىلە بىلەن شاھقا ئايخان قىلتاق سېلىپتۇ.
ئاي نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ كۈمۈش شەبنەمدە،
تۈن باشلىنىپ ئەل ئايىغى بېسىققان دەمدە.
ئالتۇن قەسىر ئىشىگىدىن خاقان كىرىپتۇ،
نەپسى قىستاپ، مەلىكىگە يېقىن بېرىپتۇ.



ناز-كەرەشمە بىلەن ئايخان قىيناپتۇ خاننى.
ھىلىسىدىن يىغلىتىشقا قادىر جاھاننى.
ھىلىسىنى يوشۇرۇشقا ئايخان خاقاندىن،
چۈش كوردۇم دەپ بايان قىپتۇ خانغا يالغاندىن.
دەپتۇ ئايخان: "چۈش كوردۇممەن بۈگۈن ئاجايىپ،
بولۇپتىمىش قوسىغىمدىن پەرزەنتىم غايىپ.
يۈرەرمىشمەن پەريات ئۇرۇپ باياۋان ئارا،
دىگۈدەكمىش كىمدۇر بىرى ئالدىڭغا قارا.
قارىسام مەن يىغلىغۇدەك پاخلان بىر بوۋاق،
ئالاي دىسەم يەتمىگۈدەك قوللىرىم بىراق.
قىرىق ياشلىق ئەركەك زاتى توساپ ئاپتىمىش،
تۇرغىدەكمىش ئوڭ قولىدا قان ئاققان قىلىچ.
غايىپتىن بىر ئاۋاز كەلدى — قاچقىن دەپ باققا،
بىلمەسمىشمەن قېچىشىمنى لېكىن قاياققا.
ئويغانسام مەن چۈشۈم ئىكەن ھەسرەتكە چومدۇم،
نادامەتنىڭ قەۋرىسىگە ئوزۇمنى كومدۇم."
ئايخان كورگەن قىزىق چۈشتىن چوچۇگەن خاقان،
يارلىق يېزىپ شەھەرلەرگە تارقىتىپ پەرمان.
"كىم ئاجايىپ چۈشكە بەرسە جايىدا تەبىر،
ئىنئام بىلەن قىلاي ئۇنى مەن ئوزەمگە پىر.
توغرا تەبىر بېرەلمىسە ئاسىمەن دارغا،
گوشلىرىنى يەيدۇ ھۇقۇش، قوزغۇنۇ-قارغا.

مەلىكىنىڭ بۇ چۇشىگە بېرەلمەي تەبىر،
نۇرغۇنلىغان جان سىرتماقتا بولۇپتۇ ئەسىر.
گۈل كورۇنۇپ كوزلىرىگە بۇ پانى جاھان،
دار ئالدىدا بوپتۇ گۈلدەك چىرايلار سامان.
بۇ ئوردىدا زىرىپ ئاتلىق بىر قۇل بار ئىدى،
خان شىكارغا كەتسە ئايخان ئاڭا يار ئىدى.
ئۇگىتىپتۇ ئايخان ئاڭا چۇشنىڭ سىرىنى،
بىلەر ئىكەن زىرىپ ئايخان قۇرغان ھىلىنى.
ئوردا تامان يول ئالغاندا زىرىپ شات-خورام،
باقتى ھەيران ئىچ ئاغرىتىپ زىرىپقا ئاۋام.
زىرىپ كېلىپ چۇشكە تەبىر بېرىش ئويىنى،
بىلدۇردى تېز زاھىدخانغا ئېگىپ بويىنىنى:
"ئۇلۇغ شاھىم تىلەيمەن، بىر قوشۇق قېنىمنى،
مەلىكىگە پىدا قىلاي پاسىق جېنىمنى."
پەرمان قىلدى خاقان ئاڭا "قېنى سوزلە"دەپ،
ئايلاندۇرۇپ بەك ئۇزاقتىن ئۇ باشلىدى گەپ.
دىدى زىرىپ: "بۇ چۇشتە بار سىرلىق ئالامەت،
مەلىكىمىز ئوغۇل پەرزەنت تۇغار سالامەت.
ھەق ھوكمىگە ئۇلۇغ شاھىم قىلمىسا ئەمەل،
غايىپ بولار پەرزەنت بۇندىن تاپماستىن قەرەل.
ئەركەك زاتى مەلىكىگە كورۇنسە بولماس،
ياستىلسۇن مەلىكىگە باغى ئېرەم خاس.



كوز ئاچقىچە ئەزىر پەرزەنت پانى دۇنياغا،
سىغىنىشى كېرەك شاھىم ئۇلۇغ خۇداغا.
كورۇپ قالسا مەلىكىمىز ئەركەك زاتىنى،
قايغۇ-ئەلەم قاپلار شاھنىڭ بار بىساتىنى.
شاھنشاھقا بۇ ئىش ئەگەر كەلسىمۇ مالال،
مەلىكىگە كورۇنمەسكە قىلارسىز ئامال."
شاھ بىلمەستىن مەلىكىنىڭ ھىلە-قەستىنى،
پىنھان جايغا كوچۇرۇپتۇ ئايخان تەختىنى.
باغى ئېرەم ياستىپتۇ ئۇچ ئاي ئىچىدە،
ئوتكۇزۇپتۇ ئايخان كۇننى ئىشرەت ئىچىدە.
توققۇز ئاينى شۇ يوسۇندا تولدۇرۇپ ئايخان،
بىر فوسۇنكار كەمپىر تېپىپ قىلىپتۇ پەرمان:
"ئۇچ كۇن موھلەت، قايسى ئويدە تۇغۇلار ئوغۇل،
تۇن كېچىدە ئېلىپ كەلگىن ئالدىمغا ئۇدۇل.
خىزمىتىڭگە ئاتمىش يامبۇ بولىدۇ تارتۇق،
مەلىكىنىڭ سايىسىدا ياشايسەن سەن توق."
"باش ئۇستىگە" دەپتۇ يولغا چۇشۇپتۇ كەمپىر،
ئايان ئىكەن بۇرۇندىنلا كەمپىرگە بۇ سىر.
كېچە-كۇندۇز كوچا-كويدا كېزىپتۇ كەمپىر،
قىلدى دەپتۇ غېرىپلىقنى بىر خۇدا تەقدىر.
ئىشكىلەردە قىلار ئىكەن دۇئا-تىلاۋەت،
قان ياش توكۇپ تەقدىرىدىن چېكەركەن ھەسرەت.

ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ ھىلىگەر كەمپىر،
ئۇچراتماپتۇ ھامىلدارغا كەمپىرنى تەقدىر.
ئۈچ كۈن موھلەت توشۇپ قاپتۇ بولماپتۇ ئامال،
شۇم كەمپىرنى ئوراپ ئاپتۇ دەھشەتلىك خىيال.
تۈن كېچىدە يىراق يۇرتقا قاچماقنى ئويلاپ،
يول ئاپتۇ ئۇ ئىدىرلىققا سوقماقنى بويلاپ.
توساتتىنلا بىر يىگىتكە ئۇچراپتۇ كەمپىر،
قورقىنىدىن قول سوزۇپتۇ بوپ مىسكىن پېقىر.
بىر يامبۇنى بېرىپ يىگىت يولغا مېڭىپتۇ،
كەمپىر ئۇنىڭ چىرايىدىن غەمنى سېزىپتۇ.
يولنى توسۇپ دەپتۇ كەمپىر "نىچۈن چەكتىڭ غەم،
كوزلىرىڭدە كورۈنىدۇ تۈگىمەس · ئەلەم."
— توسما مېنىڭ يولۇمنى سەن، تاپاي مەن داۋا،
شۇملۇغۇمنى ھەتتا ئىتمۇ كورمەيدۇ راۋا.
— ئېيتقىن ئوغلۇم، ھېچگەپ ئەمەس مەن بولسام داۋا،
سېنىڭ ئۈچۈن قېرى جېنىم چەكسە مىڭ جاپا.
يىگىت ئاڭا ئوز سىرىنى قىلىپتۇ بايان،
شاتلىنىپتۇ ئىچ-ئىچىدىن كەمپىرمۇ شۇ ئان.
ئىپپىتىنى توككەن ئىكەن يىگىت بىر قىزنىڭ،
قىسقا قىلىپ تىللىرىنى يۈزى قىرمىزنىڭ.
ئاي، كۈن ئوتۇپ چەت گەمىدە كورۈپتۇ ئوغۇل،
ھەسرەت بىلەن كوز يۇمۇپتۇ چاچلىرى سۇمبۇل.



ئاڭلاپ يىگىت سوزلىرىنى دەپتۇ "غەم يىمە،
مىسكىن موماڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ دىمە.
قېنى بوۋاق؟! پەرزەنت كورمەي داغدا ئوتكەندىم،
پەرزەنت دېغى بىلەن ئادا بولۇپ پۈتكەندىم.
تەلىۋىمنى ئاللاكىرەم بىجا ئەيلەپتۇ،
ماڭا شاھلىق تاجىدىنمۇ چوڭ ئامەت كەپتۇ."
غەم يۈكىنى تاشلاپ يىگىت كۈلۈپتۇ شۇ ئان،
كەمپىر بىلەن يىگىت يولغا بولۇپتۇ راۋان.

.......................................................

.......................................................

ئېلىپ كېلىپ كەمپىر يوگەپ پاخلانىدەك ئوغۇل،
مەلىكىنىڭ سارىيىغا كىرىپتۇ ئۇدۇل.
شۇ ھامانلا تەۋەللۇتتا تۇرۇپتۇ ئايخان،
تارقىلىپتۇ كوز ئاچتى دەپ كۈتۈلگەن مېھمان.
پادىشانىڭ بېشى كوككە يېتىپتۇ شۇ ئان،
"خۇداۋەندا، — دەپتۇ، — مەندە قالمىدى ئارمان."
شاھزادىغا ئوسمان دىگەن ئاتنى قويۇپتۇ،
توي مەركىگە توگە، قۇلۇن، قويلار سويۇپتۇ.
قىرىق كېچە-قىرىق كۈندۈز بەزمە قۇرۇپتۇ،
ئوردا ئەھلى مەئىشەتتە ئومۇر سۈرۈپتۇ.
ئون بەش ياشتا ئوسمان ئوزى چىقىپتۇ ئوغا،
ئوز ئوۋىنى ئاتىسىغا قىلىپتۇ سوغا.

شىكار بىلەن ئۆتەر ئىكەن ئۇنىڭ كۈنلىرى،
ئويۇن بىلەن ئۆتەر ئىكەن كېچە-كۈنلىرى.

*

* *

خان نەۋكىرى ئىكەن ئەنۋەر ئىسىملىك باتۇر،
باتۇرلۇغى خوشنا قورغان ئارا ئىكەن پۇر.
پەرمان بوپتۇ زاھىد شاھتىن ئەنۋەرگە بىر كۈن،
ئۆگەتسۇن دەپ ھۈنىرىنى ئوسمانغا پۈتۈن.
ئۆگىتىپتۇ شاھزادىگە ئاۋال چېلىشنى،
ياۋ بېشىغا ئەپچىلگىنە قىلىچ سېلىشنى.
ساداقتىن ئوق ئۈزسە ئوقى تېپىپ نىشاننى،
خوشال قىپتۇ شاھزادىنىڭ ئىشلىرى خاننى.
راستۇ-يالغان شاھزادىنىڭ چىقىپتۇ نامى،
شاھلار ئارا تارقىلىپتۇ شوھرىتى-شانى.
شاھزادىگە شىكار يەنە قىلىپتۇ خۇمار،
ئارزۇسىنى شاھىنشاھقا ئەيلەپتۇ ئىزھار.
بۇنى ئاڭلاپ شاھ ئوغلىغا يارلىق يېزىپتۇ.
يارلىغىدا ئۆز كۆڭلىنى مۇنداق تىزىپتۇ:
"كوز قارچۇغۇم، مىراسخورۇم ئوغلۇم ئوسمانغا،
يېتىپ مەلۇم بولدى سېنىڭ ئارزۇڭ ئاتاڭغا.
ئۆز كۈچۈمنى سىناي دەپسەن شىكاردا، ماڭا،
ئاتاڭ ئاق يول تىلەپ دۇئا بېرىدۇ ساڭا."



دۈپۈرلىگەن ئات تۈيىغى چېقىپتۇ چاقماق،
ئاتلىنىپتۇ شاھزادە شات ئېلىپ ئوق-ياراق.
شام بىلەن تەڭ قارىغايزارغا كېلىپ قونۇپتۇ،
نەۋكەرلىرى شاھزادىگە شاراپ سۇنۇپتۇ.
تۈن يېرىمدا تارقىلىپتۇ نەۋكەر بەزمىدىن،
ئۆز كۆڭلىنى مەمنۇن قىلىپ سازۇ-نەغمىدىن.
بارگاھىنى يېغىشىپتۇ چىققاندا قۇياش،
رەڭدار يوپۇق يېپىنغاندا دالا، تاغۇ-تاش.
يول يۈرۈپتۇ چوققىلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ،
تۇلپارلارنىڭ پۇتلىرىدا دەرمان پۈتۈپتۇ.
تاغ قاپتىلى، جىرالارنى كېزىپ شاھزادە،
ئۇچراتماپتۇ كىيىك-مارال بوپتۇ ئاۋارە.
كەچكى شەپەق دوڭ يوتىغا چايشاپ ياپقاندا،
تاغ سۇلىرى ئالتۇن چايقاپ ئويناپ ئاققاندا.
شاھزادىغا ئانا كىيىك ئۇدۇل چىقىپتۇ،
ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ تاققا قېچىپتۇ.
قىقاس-چۇقان تاغ ئىچىنى ساپتۇ لەرزىگە،
شامالدىن تېز ئۇچار كىيىك باقماي كەينىگە.
ئانا كىيىك قارىغايزارنى قىلىپتۇ نىشان،
شاھزادىمۇ ئۆز توپىدىن ئۈزاپتۇ شۇ ئان.
قۇياش قويۇپ چوققىغا باش يۇمۇپ كوزىنى،
تۈن پەردىسى ياپقان چاغدا نۇرلۇق يۈزىنى.

غايىپ بوپتۇ ئانا كىيىك بىر دوڭدىن ئۆتۈپ،
ئۇسمان ئاتتىن چۈشتى شۇ چاغ سەۋرىسى پۈتۈپ.
ھەمراھلىرى قالدى نەدە، يولى قاياقتا،
بىلمەس ئىدى مېڭىشىنى تۈندە قاياققا.
قارىغايزارغا تۇتقان چاغدا تۈن قارا پەردە،
تۈننى تاڭغا ئۇلىماقچى بوپتۇ شۇ يەردە.
تۈنجى قېتىم شۇ دالادا ياتتى شاھزادە،
قورقۇنچلۇق خىياللارغا بولۇپ ئۇ بەندە.
كىرپىكلىرى جۈپلەشتىكىن قانداق مەھەلدە،
چوچۇپ ئاچتى كوزلىرىنى ئالتۇن سەھەردە.
ئەنسىز ئۈندە قاقىلدىدى بىر زاغ شاخ ئارا،
شاھزادىنى چاقىرغاندەك "بۇ ياققا قارا."
كوزى چۈشتى شاھزادىنىڭ تاۋار ياغلىققا،
ئوقنى ئېلىپ سالغان چاغدا كۈمۈش ساداققا.
ئىلدام بېرىپ ئالدى شاختىن تاۋار ياغلىقنى،
باقتى ئۇزاق گۈل غۇنچىغا ئۇنتۇپ بارلىقنى.
يۈرىگىگە ئوت تۇتاشتى ئازدى ھۇشىدىن،
بۇنى تىككەن پەرىمۇ يا ئىنسان پۇشتىدىن.
مىندى ئاتقا بارگاھىنى ئىزدەپ كەتتى ئۇ،
كۈن پاتقىچە مەنزىلگاھقا بېرىپ يەتتى ئۇ.
كەلتۈر ساقى بىر كاسا مەي مەي خۇمارىغا،
كۆيلەي يەنە ئۇرۇپ زەخمەك غەمنىڭ تارىغا.



## ئۈچىنچى باپ

ئىشق ئوتى شاھزادىنى زەپەران قىلدى،
يۈرىگىنى قايغۇ-غەمنىڭ نەشتىرى تىلدى.
بىتاپلىقنىڭ ياستۇغىغا قويدى بېشىنى،
توختاتمىدى بەزمە-مەشرەپ غەملىك يېشىنى.
شاھزادىنىڭ بىتاپلىغى يەتكەندە خانغا،
ئەلەم تىغى پاتتى شۇ دەم يۈرەككە — جانغا.
پەرمان بىلەن تېۋىپلارنى يىغدى زاھىدخان،
شاھزادىغا شىپا ئىزلەپ ئۇلاش ئۈچۈن جان.
كەپتۇ مەشھۇر تېۋىپ-داخان پۈتۈن يۇرتلاردىن،
دورا ياساپ مەرۋايىت ھەم ئىسىل ئوتلاردىن.
ئىچكۈزسىمۇ شاھزادىگە بولماپتۇ شىپا،
زاھىدخاننىڭ جەھلى قېتىپ بولۇپتۇ خاپا.
كۈندىن-كۈنگە شاھزادىنىڭ قېنى قېچىپتۇ،
زاھىدخانمۇ بال ئورنىغا زەھەر يۇتۇپتۇ.
شاھزادىنىڭ تامىغىدىن سۇمۇ ئۆتمەپتۇ،
قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ، رىسقى پۈتمەپتۇ.
ھەركۈنى خان سەھەر كېلىپ ئوغلىن كۆرۈپتۇ،
كۆز نۇرىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىت ئۈزۈپتۇ.
شاھزادىگە كېچە-كۈندۈز بولۇپتۇ ھەمرا،

شاھ يۈزىنى يۈيار ئىكەن كۆز يېشى — دەريا.
ئىبادەتتە ئولتۇراركەن خاقان سەھەردە،
ئۇي كېمىسى ئۈزەر ئىكەن دەھشەت-خەتەردە.
تاتلىق ئۇيقۇ تۇشىگىدە شاھزادە يېتىپ،
كۆلەر ئىكەن ئۇز چۈشىدە ۋەسلىگە يېتىپ.
— "بۇ كەشتىنى سەن باسقانمۇ ئېيتقىنا جانان؟"
شاھزادىنىڭ بۇ سۆزىدىن شاھ بولۇپ ھەيران.
خان قارىسا، ئوغلى تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ،
ئۇزاقلاردا خوراز چىللاپ تاڭمۇ ئېتىپتۇ.
شاھزادىنىڭ سۆزى ئاڭا بوپتۇ تېپىشماق،
شاھ بىلمەپتۇ تېپىشماقنى يەشمەكنى قانداق.
مۇنەججىمگە ئاچقۇزۇپتۇ شاھىنشاھ كىتاپ،
مۇنەججىمدىن ئاڭلاپتۇ ئۇ ئەقەللى جاۋاپ.
— "كەشتە" سۆزى ئىشتىياقنىڭ بەلگىسى بولار،
ئىشتىياقنى تارتسا كىمكى سارغىيىپ سولار.
شاھزادىدىن ئويغانغاندا سوراپتۇ ئەھۋال،
شەپقىتىدىن پەرزەندىگە ئىچكۈزۈپتۇ بال.
ئوغلىنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئەيلەپتۇ بايان،
پەرمان قىپتۇ، سىرنى قىل دەپ ئاتاڭغا ئايان.
شاھزادىنىڭ لەۋلىرىگە كۈلكە قونۇپتۇ،
كەشتىلەنگەن قول ياغلىقنى ئېلىپ سۇنۇپتۇ.
ۋە دەپتۇ ئۇ: "ئىشقى ئوتى كۆيدۈردى مېنى،



بۇ پەرىنىڭ ئالقىنىدا ئوغلۇڭنىڭ جېنى.
بۇ كەشتىنىڭ ئىگىسىلا دەردىمگە داۋا،
كۆرسەم ئۇنىڭ ئاي يۈزىنى تاپمەن شىپا."
شاھنىڭ كۆڭلى ئىمىن تېپىپ ئۈرۈپتۇ خەندان،
ۋەزىرلەرگە يەنە پەرمان بېرىپتو شۇ ئان.
ئون كۈن مۆھلەت بۇ پەرىنى تاپسەن دەپتۇ،
يۇرت-يۇرتلارغا بۇگۈنلا ئات چاپسەن دەپتۇ.

*

*     *

بۇ سۆزلەرنى ئەنۋەر ئاڭلاپ ئويغا پېتىپتۇ،
خىيال بىلەن كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قېچىپتۇ.
بۇ كەشتىنى تىككەن قىزنىڭ يارى بارمىدۇ؟
ۋۇجۇدىدا ئىپپەت، نومۇس، ئارى بارمىدۇ؟
بۇ كەشتىنى شاھزادىگە كەلتۈردىكىن كىم؟
ئويلار ئىدى كېچە-كۈندۈز ئەنۋەر بىتىنىم.
كۆز ئالدىغا كەلمەس ئىدى ئۆزگە ئۈنچەمدىن،
جىگەر باغرى بولۇپ كاۋاپ تەشۋىشتىن، غەمدىن.
بۇ كەشتىنى كۆرمەكنى ئۇ، جەزىم ئەيلىدى،
ئەھۋال سوراپ شاھزادىگە تازىم ئەيلىدى.
شاھزادىنىڭ ياستۇغىدا كۆردى كەشتىنى،
تىلدى ئۇنىڭ يۈرىگىنى ئەلەم نەشتىرى.
پۈتۈن ئالەم كىيگىنىدەك قارا قازانىنى،

مۇدھش جۇدۇن كەزگىنىدەك باغنى-بوستاننى.
ئەنۋەر غەزەپ زەنجىرىدە تولغىنىپ كەتتى،
ئىش خەتەرلىك، ئەمدى سىرنىڭ تەكتىگە يەتتى.
شاھ يۇرتىدا بۇ كەشتىنى ھېچكىم تىكەلمەس،
گەر تىكسىمۇ جۇلاسىنى بۇنداق چېكەلمەس.
دەيتتى ئەنۋەر ئەمدى بۇنى قانداق قىلغۇلۇق،
نىشان قىلغان ئۆز دوستىنىڭ كوكرىگىنى ئوق.
نادىر بىلەن ئەنۋەر ئىدى جان-جىگەر يولداش،
ئەل ئىچىدە ئاتىلاتتى قوشماق قېرىنداش.
بىر بىرىگە ئېيتار ئىدى كوڭۇل سىرىنى،
يامان كوزدىن ئاسرار ئىدى بىرى بىرىنى.
كەلسە ئەگەر قايسىسىنىڭ بېشىغا كۇلپەت،
ئايىمايتتى مۇلكى تۇرماق جېنىنى ئەبەت.
بىر كورۇپلا كەشتىلەنگەن ياغلىقنى ئەنۋەر،
ۋۇجۇدىنى باسقان ئىدى دەھشەتلىك خەتەر.
ئەنۋەر خىيال دەرياسىدا ئۈزمىدى ئۇزاق،
نادىر كەتكەن مەنزىل بۇندىن ئىدى بەك يىراق.
تۇن پەردىسى يەر-زېمىنغا گىرە سالغاندا،
ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا تېچ ئارام ئالغاندا.
قامچا ئۇردى ئەنۋەر مىنىپ ئۇچقۇر ئېتىغا،
جاسارەتنى پۇكۇپ مەھكەم يۇرەك قېتىغا.
قانچە دەريا، داۋانلاردىن ئوتۇپتۇ ھالقىپ،



قۇياش موكسە، نۇر توكۇپتۇ تولۇن ئاي بالقىپ.
يېتىپ كەپتۇ ھاشارچىلار قارارگاھىغا.
ياش توكەركەن بۇندا ھەر تاش ئەلنىڭ ئاھىغا.
پانا جايدا بايان قىپتۇ ئەنۋەر پەرماننى،
قۇرۇشۇپتۇ ئىككى باتۇر ئەپلىك پىلاننى.
تۈن-كېچىنى پانا ئەيلەپ يولغا چۇشۇپتۇ،
تاڭ ئالدىدىن كوكتە چولپان يۇلتۇز ئۇچۇپتۇ.
توختىماپتۇ قونالغۇدا ھاردۇق ئالماپتۇ،
تۇلپارلارنىڭ ئايىغىدىن مادار كېتىپتۇ.
يول يۇرۇپتۇ، يول يۇرسىمۇ ئاۋۇن يۇرۇپتۇ.
كۇن پېشىندا قىز يۇرتىنى ئاران كورۇپتۇ.
سۇنغىن ساقى ئاچچىق مەيدىن بىر قەترە يۇتاي،
ئىلھاملىرىم بولسۇن ئەمدى ئوركەشلىگەن ساي.

## توتىنچى باپ

چاپارمەنلەر يۇرت-يۇرتلارغا سېلىشىپتۇ ئات،
شاھ پەرمانى قارا قۇشتەك يېيىپتۇ قانات.
ھەممە يەردە كەشتىچىنى ئىزلەپتۇ تىنماي،
ئاۋارىكەن كەشتىچىدىن خەۋەر تاپالماي.
كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن قىلىپ ئەندىشە،
ئىزدەيدىكەن كەشتىچىنى بەگلەر ھەمىشە.

يۇرت ئەھلىنىڭ يۈرەكلىرى بولۇپتۇ زەرداپ،
تىڭچىلاردىن چىقماس ئىكەن بىرەر خۇش جاۋاپ.
تاغلىق يېزا ياتقان چاغدا شىرىن ئۇيقۇدا،
ئىمىن بەگلەر ئەيشى-ئىشرەت قۇرغان چېغىدا.
ئات چاپتۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ يېڭى پەرماننى،
شاھ پەرمانى سىقىرىتىپتۇ تۈمەن مىڭ جاننى.
ئىمىن بەگنىڭ كوزى چۈشۈپ پەرمانغا شۇ تاپ،
سۈنغىنىدەك بوپتۇ جاللات ئەجەلدىن شاراپ.
ئەيشى-ئىشرەت ئايلىنىپتۇ خىيالغا-غەمگە،
كۈلكە-ناخشا ئايلىنىپتۇ دەرتكە-ئەلەمگە.
تۈننى تاڭغا ئۇلار ئىكەن ئىمىن بەگ ئويلاپ،
قۇل، دىدەك ھەم نەۋكەرلەرگە ئوغىسى قايناپ.
"كورگەن ئىدىم بۇنداق گۈزەل كەشتىنى قاچان"،
دەپ ئويلاركەن يۈرىگىنى چولغاپ دەرت پىغان.
كېچىلىرى تولغىنىپتۇ ئۇخلىماي غەمدىن،
بىر يۇتۇم سۇ، بىر بۇردە نان ئۆتمەپتۇ گالدىن.
بىر كۈن كەچتە خوشاللىقتا بەگ چاپتۇ چاۋاك،
نىچۈن بولدۇم شۇنچە كۈندىن بىكارلا غەمناك؟
ئۇ ئۆزىنى شاھ قېشىدا تەختتە كورۇپتۇ،
يەلكىسىدىن غەم-ئەلەمنى بىراق چورۇپتۇ.
شاھزادىگە بولسا قىزى ئەگەر مەلىكە،
تاپار ئۇنىڭ ئامبارلىرى يەنە بەرىكە.



ۋەزىر بولۇش ئارمىنىغا كەڭ يول ئېچىلىپ،
بەخت ئامەت بوشۇغىدە كوڭلى ئېچىلىپ.
يول ئاپتۇ بەگ قىزى گۈلپەم ھوزۇرىغا شات،
ئارزۇلىرى پەرۋاز قىپتۇ چىقىرىپ قانات.
بۇنداق كەشتە قىزىنىڭكىدە تولۇپ يېتىپتۇ،
بۇنى كورۇپ بەگنىڭ بېشى كوككە يېتىپتۇ.
"گۈلپەم قىزىم ئامىتىڭدىن ئورگىلەي سېنىڭ،
خۇدا بەرگەن قوش بەختىڭدىن چورگىلەي سېنىڭ"
ھەيران بولۇپ ئاتىسىنىڭ سوزىگە گۈلپەم،
سوزلىرىدىن سېزىپ غەمنى، بولماي خاتىرجەم.
دەپتۇ: "ئاتا بىزگە قونغان قانداق بەخت ئۇ!؟"
"نادان قىزىم بەخت ئەمەس ئالتۇن تەخت ئۇ.
شاھزادىمىز سەن ئىشلىگەن كەشتىنى كورۇپ،
بوپتۇ ئاشىق غايىۋانە ئىشقىڭدا كويۇپ."
"قىزىق گەپقۇ، مەن بىلمىسەم كەشتە بېسىشنى،
سىز قانداقچە بەختىڭ دەيسىز ماڭا بۇ ئىشنى."
ھەيران بوپتۇ بەگ قىزىنىڭ ئېيتقان سوزىگە،
جۇلالىنىپ گۈل-كەشتىلەر تۇرار كوزىدە.
ئاتىسىنىڭ ئويىنى بىلىپ قىز دەپتۇ دەرھال:
"كەشتىلەرنى مەن تىكمىگەن بولماڭ ئاتا لال.
زاھىر باغۋەن ئېسىڭىزدە بارمۇ ئاتاجان،
ئۈنچەم ئاتلىق بىر قىزى، بار كەشتىچى جانان.

شاھزادىنى ئەسىر قىلغان ئۇنىڭ كەشتىسى،
بۇ كەشتىنى تىكەلمەيدۇ ئۇزگە ھېچ كىشى."
گويا شامال ئۇچۇرگەندەك يېقىملىق شامنى،
ئېغىزىدىن تارتىپ ئالغان كەبى تائامنى.
ئۇچۇپ كەتتى ئىمىن بەگنىڭ ئەرۋايى بىردىن،
"كەنىنى ئامەت — شاھ ۋەزىرى بولۇش پەقىردىن."
لېكىن يېڭى ئۇمىت ئۇنى يەنە كۇلدۇردى،
بەگ كوڭلىنىڭ باغچىسىدا گۇللەر ئۇندۇردى.
كى ۋەزىرلىك بولماس ھەرگىز ئۇزگىگە راۋا،
شاھزادىنىڭ دەرتلىرىگە مەن تاپسام داۋا.
شېرىن خىيال دەرياسىدا زوقمەن كېزىپتۇ،
زاھىد شاھقا شۇ يوسۇندا نامە يېزىپتۇ:
"شاھى جاھان پەرمانىڭىز قولۇمغا تەگدى،
كى پەرمانغا بەگ قۇلىڭىز بېشىنى ئەگدى.
كېچە-كۇندۇز شاھزادىگە ئامانلىق تىلەپ،
شاھزادىگە چۇشكەن دەرتكە شىپالىق ئىزلەپ.
يېزىلارنى كېزىپ يۇردۇم كېچەيۇ-كۇندۇز،
قايدا سەن دەپ شاھزادىنى كويدۇرگەن قۇندۇز.
تاپماي زادى قويماي دىدىم باغلاپ كەمەرنى،
ئۇز نامىمدا يەتكۇزەي دەپ قۇتلۇق خەۋەرنى.
شاھزادىنىڭ بەختى ئۇچۇن قالسام جاپاغا،
شاھىمىزنىڭ مەرھەمىتى ئۇندەر ۋاپاغا.



شاھىمىزنىڭ تەلەپلىرى بولۇپ ئىجابەت،
شاھزادىگە خۇدا بەردى بەختى-سائادەت.
شاھزادىنىڭ جورىسىنى بۇ يەردىن تاپتىم،
شاھىنشاھقا يەتكۇزەي دەپ ئويگە ئات چاپتىم.
ئۇلۇغ شاھىم بۇ نامىنى ئوقۇپ شاتلانسا،
يۇرتىمىزغا شاھ ئەلچىسى تېزدىن ئاتلانسا.
شاھىنشاھنىڭ بۇ كەمىنە قۇلى خوش بولۇپ،
ياشنار ئىدى يۇرتىمىزمۇ گۇللەرگە تولۇپ."
ئىمىن بەگنىڭ نەۋكىرىدىن تىنىڭ-تىڭلاپ ئەنۋەر،
ئۇنىڭ يازغان نامىسىدىن تېپىپتۇ خەۋەر.
تاغ ئىچىگە كەتمەك بوپتۇ نادىر ۋە ئۇنچەم،
زاھىر، نۇرخان باشلىرىغا چۇشۇپتۇ كوپ غەم.
ئىتەكلىرى ھول بولۇپتۇ كوزنىڭ يېشىدىن،
"ھالىڭ نىچۇك بولار كېتىپ ئاناڭ قېشىدىن."
دەپ ئانىسى يىقىتىپتۇ ئەقلى-ھۇشىنى،
ئاتا غەمكىن ئۇچۇراركەن شۇڭقار قۇشىنى.
ئاتا-ئانا پەريادىدىن تىترەپتۇ زېمىن،
تۇن ئەلەمنىڭ دەرگاھىدا ئاپتۇ ئېغىر تىن.
ئۇنچەم ماڭسا كوز يېشىدىن ياساپ دەريانى،
قاپتۇ ئاتا-ئانا ھۇشسىز ئۇنتۇپ دۇنيانى.
ئۇزىتىپتۇ تاغ ئىچىگە دوستىنى ئەنۋەر،
بولمىسۇن دەپ يوللار ئارا بىر خېيىم-خەتەر.

قېنى ساقى ئۇزات جامنى غەمدىن خالاس ئەت،
بىر دەقىقە خوشاللىققا بولايمەن ئۇلپەت.

## بەشىنچى باپ

شاھ ئەلچىسى تاغلىق يۇرتقا يېتىپ كەلگەندە،
تۇلپارلارغا ئالتۇن مەپە قېتىپ كەلگەندە.
قاچقانلىقى قىز-يىگىتنىڭ بولۇپتۇ ئايان،
ھېچ كىم بىلمەس كەتكىنىنى ئۇلارنىڭ قايان.
يەتكىنىدە زاھىدخانىنىڭ سەمىگە بۇ گەپ،
پەرمان قىپتۇ ئىمىن بەگنى زىندانغا سال دەپ.
باشلىنىپتۇ نادىر بىلەن ئۇنچەمنى ئىزلەش،
دەپتۇ خاقان تاغ-جىرانى قىدىر كۈن-تۈن. كەچ.
زاھىر، نۇرخان تاشلىنىپتۇ سۇلۇق زىندانغا،
ئەجەل قۇشى چاڭگال ساپتۇ بىگۇنا جانغا.
ئويۇپ ئاپتۇ جاللات بىر كۈن باغۋەن كوزىنى.
يوقىتىپتۇ كورۇپ بۇنى نۇرخان ئۆزىنى.
تىن تارتماپتۇ "قىزىڭ نەدە؟" دىگەن سوراققا،
ئايلاندۇرۇپ يۈرىگىنى ئوتلۇق بولاققا.
كۈنلەر ئوتۇپ ئاي كەلگەندە زىندان ئىچىدە،
ئۈن-تىۋىشسىز ياتار ئىكەن جانسىز جۈپ گەۋدە.

*
* *



لەشكەر بېشى لەشكەر تارتىپ تاغنى كېزىپتۇ،
كۈن پاتقاندا يۇرەلمەستىن يولدىن ئېزىپتۇ.
يېتىپ كېلىپ بىر جىراغا بارگاھ قۇرۇپتۇ،
ھەممە لەشكەر ھاردۇق ئېلىپ شۇندا قونۇپتۇ.
لەشكەر بېشى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ سەھەر،
قىلىچىنى بەلگە ئېسىپ باغلاپتۇ كەمەر.
چىقىپ چېدىر ئىشىگىدىن قاراپتۇ تاققا،
پەملىمەككە ماڭارىنى ئەمدى قاياققا.
ئات كىشنىشى ئاڭلىنىپتۇ يېقىنلا يەردىن،
قۇتۇلغاندەك شاتلىنىپتۇ ئېغىر خەتەردىن.
ئات سېلىپتۇ لەشكەر ئاۋاز كەلگەن تامانغا،
كوز يۇگۇرتۇپ جىرا، ئوڭكۇر، قېلىن ئورمانغا.
تاغ ئۇستىدە لەشكەر بېشى كورۇپتۇ تۇتۇن،
چوققىلاردىن بىر غولاچچە ئورلىگەندە كۈن.
لەشكەر بېشى توختىتىپتۇ لەشكەرنى يولدىن،
قورشاڭلار دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ئوڭدىن ۋە سولدىن.
ئەنۋەر كورۇپ چاڭ-توزاڭنى دەپتۇ نادىرغا،
كېلىپ قاپتۇ لەشكەر، قارا، ئاۋۇ تاقىرغا.
ئوچۇرۇڭلار ئوتنى تېزدىن بىلىپ قالمىسۇن،
ئات ئوينىتىپ بىزگە قانلىق چاڭگال سالمىسۇن.
تۇلۇمدىكى سۇنى ئۇنچەم ئوتقا قۇيۇپتۇ،
يەرگە يېتىپ ئەنۋەر ئەنسىز تىۋىش تۇيۇپتۇ.

ئۇ كورۇپتۇ مىڭلاپ لەشكەر ياماشقان تاققا،
چۇشۇرۇشكە ئاشىقلارنى تورغا ـ قىلتاققا.
سۇغۇرۇپتۇ قىنىدىن تېز، ئوتكۇر شەمشەرنى،
قوغلىماققا بۇرادەردىن خەۋپۇ ـ خەتەرنى.
مەھكەم تارتىپ كەمرىنى باغلاپتۇ بەلگە،
دوستى ئۇچۇن ئولۇش تويدۇر مەردانە ئەرگە.
ئاشىقلارغا ئەنۋەر تېزدىن كېتىڭلار دەپتۇ،
يول كورسىتىپ مۇراتقا تېز يېتىڭلار دەپتۇ.
توسۇپ لەشكەر ئالدىنى ئۇ پىدا ئەيلەپ جان،
دەپتۇ يەنە، ماڭا باقماي بولۇڭلار راۋان.
ئۇز دوستىنى قۇچاغلاپتۇ نادىر ئېگىپ باش،
خوش ئېيتىپتۇ مەرت يىگىتكە ئۇنچەم توكۇپ ياش.
ئىككى ئاشىق تىك قىيادىن ئېشىپ كېتىپتۇ،
غەم ـ ئەلەمنىڭ دەرياسىغا چوڭقۇر پېتىپتۇ.
كىرىچىنى چىڭىتىپتۇ ئەنۋەر ئوقيانىڭ،
دالدىسىغا موكۇنۇپتۇ گولۇ ـ گىيانىڭ.
مولجا قىلىپ تۇتۇن چىققان جاينى ھەر ياندىن،
قورشاپ كەپتۇ مىڭلاپ لەشكەر قورقۇشۇپ جاندىن.
ئەنۋەر ساداق كىرىچىنى تارتىپ كۇچ بىلەن،
ياغدۇرۇپتۇ لەشكەرگە ئوق نەپرەت ئوچ بىلەن.
ياۋ بېشىنى جۇدا قىلىپ پاسىق تېنىدىن،
ياساپ دەريا تاغ باغرىدا رەقىپ قېنىدىن.



ياۋ توپىدىن ياۋ توپىغا ئوقتەك ئۇچۇپتۇ،
لەشكەرلەرنىڭ قېنى قېچىپ، ئوڭى ئوچۇپتۇ.
ھوشيار بېقىپ ئارقىسىدىن كەلگەن لەشكەرگە،
قىلىچ ئۇرۇپ يومىلىتىپتۇ بېشىنى يەرگە.
تەڭ كېلەلمەي لەشكەر ئاڭا چېكىپتۇ پەريات،
جەڭ كوكىدە لاچىن كەبى قېقىپتۇ قانات.
قېلىن ئارچا دالدىسىغا موكۇنگەن مىرشاپ،
نىشانلاپتۇ مەرت يىگىتنىڭ كوكسىنى شۇ تاپ.
سەزمەس ئىكەن ئەنۋەر جەڭدە ئوينىتىپ قىلىچ،
نىشان قىلىپ تارتىلغاننى كوكسىنى كىرىچ.
زەھەرلىك ئوق يۇرىگىنى تېشىپ ئوتۇپتۇ،
جىمى ئالەم كوز ئالدىدىن بىراق يۇتۇپتۇ.
كوكرىگىنى ئانا يەرگە يېقىپتۇ ئەنۋەر،
كوز ئېچىپ تىك چوققىلارغا بېقىپتۇ ئەنۋەر.
ئاشىقلارنىڭ قارىسىنى كورمەپتۇ كوزى،
لەۋلىرىدە قاپتۇ ئۇنىڭ قانچە گەپ سوزى.
بولۇت كوز ياش توكۇپ ئاڭا تۇتۇپتۇ ماتەم،
گۇل ـ چېچەكلەر كوزلىرىدە چاقناپتۇ شەبنەم.
بۇركۇت ئەگىپ تىك چوققىنى كۇيلەپتۇ ناخشا،
يوپۇق بوپتۇ تاڭ شەپىغى مەردانە ياشقا.

*

* *

تاغ ئوڭكۈرى ئاشقلارغا بولۇپتۇ ماكان،
كورۇنۇپتۇ كوزلىرىگە خۇنۇك، تار جاھان.
شۇ يوسۇندا ئوتكوزۇپتۇ كۇنلەرنى، ئاينى،
تاپالماپتۇ ئەنۋەر بىلەن ئايرىلغان جاينى.
چولپان چىقىپ بار ئالەمگە كۇلۇپ باققاندا،
تاڭنىڭ نۇرى تاغ-چوققىدىن يال-يۇل ئاققاندا.
ئۇنچەم چوڭقۇر غار ئىچىدىن سۇغا چىقىپتۇ،
خىياللىرى ئۇيى تامان قانات قېقىپتۇ.
تاڭ ساباسى قىز مەڭزىنى سويۇپ ئوتۇپتۇ،
تاڭ ئەلچىسى تورغاي، كەكلىك قوشاق قېتىپتۇ.
كوز ئالدىغا كەپتۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى،
تۇز سەپكەندەك ئىچىشىپتۇ يۇرەك يارىسى.
كوزلىرىدىن توكۇلۇپتۇ مەرمەر دانىسى،
كىرپىگىدە يالتىراپتۇ خەنجەرنىڭ بىسى.
ئۇي-خىيالنىڭ دەرياسىدا ئاقار بىتىنىم،
سەزمەس ئىدى قامىتىنى كورگىنىنى كىم.
كىشنىگەن ئات ئاۋازىدىن چوچۇپ كەتتى قىز،
"لەشكەر" دىدى ئارقىسىغا قاراپ قاچتى تىز.
ئۇچقۇر ئاتلار كېلەر ئىدى قىزغا يېقىنلاپ،
ئولتۇراتتى نادىر غاردا قىلىچنى بىلەپ.
ئۇڭسىلى يوق ئۇنچەم غارغا يۇگرەپ كىرگەندە،
بولدى ھەيران نادىر ئۇنى شاشقىن كورگەندە.



"لەشكەر!" دىدى ئۇنچەم ھالسىز يەرگە يىقىلدى،
نادىر تۇرۇپ ئورنىدىن دەس سىرتقا ئىتىلدى.
كوزلىرىدە ئوچ-غەزەپتىن چېقىلدى چاقماق،
ئالدى قولغا كىرىچىنى چىڭ تارتىلغان ساداق.
يېتىپ كەلدى يۇزلەپ لەشكەر ئاتنى ئوينىتىپ،
قوللىرىدا نەيزە، ئوقيا، ساۋۇت كوتىرىپ.
غار ئاغزىدا تۇرۇپ نادىر تارتىپتۇ ساداق،
قېرى چېرىك ئات ئۇستىدىن ئىتىپتۇ موللاق.
نادىر ئاتقان ئوقتىن تاشلار پارە بولۇپتۇ،
دوڭ-يوتىلار جەسەتلەرگە راسا تولۇپتۇ.
نادىر، ئۇنچەم لەشكەرلەرگە بېرىپتۇ دەككە
ۋە بەزىدە ئېلىشىپتۇ يەككمۇ-يەككە.
گۇگۇم ئىتەك يېيىپ كەپتۇ قاپتاللار ئارا،
ئارام ئاپتۇ لەشكەرلەرمۇ قورۇپ بارىگا.
كۇن بىلەن تەڭ باشلىنىپتۇ يەنە قانلىق جەڭ،
يېشىل ئوتلار گۇل-گىيالار ئاپتۇ لالەرەڭ.
قالمىغاچقا ساداقتا ئوق، قىلىچ ئوينۇتۇپ،
لەشكەرلەرنى جەھەننەمگە بىراق ئۇزۇتۇپ.
پۇتلىرىدا دەسسىگۇدەك قالماپتۇ مادار،
ئەمدى پانا بولالماپتۇ ئاشقلارغا غار.
نادىر، ئۇنچەم چىقتى غاردىن گۇگۇم چۈشكەندە،
چوققىلارنى تۇمان قاپلاپ يۇلتۇز ئوچكەندە.

سوقماق بىلەن ئاشقان ئىكەن ئەمدى بىر قىردىن،
بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەپتۇ جىرا ـ ئىدىردىن.
نادىر، ئۈنچەم تىك چوققىنى كوزلەپ مېڭىپتۇ،
يۈزلەپ لەشكەر ئالدىدىنلا توساپ چىقىپتۇ.
قىلىچىنى چىقىرىپتۇ نادىر قىنىدىن،
كەپتۇ نەيزە ئالدى ـ كەينى ھەممە يېنىدىن.
ئۇ نەيزىگە كوكرىگىنى ئۇرماقچى بوپتۇ،
سالما چۈشۈپ بەدىنىگە كوزى ئوت بوپتۇ.
نادىر چەبدەس قىلىچ بىلەن كېسىپ ئارقانىنى،
قاچۇرۇپتۇ لەشكەرلەرنىڭ يۈزىدىن قانىنى.
نادىر يەرگە يىقىلىپتۇ تەككەن توقماقتىن،
كوتىرىلىپتۇ ياڭراق كۇلكە شۇ چاغ ھەر ياقتىن.
يارى تامان نادىر باقسا ئاخىرقى دەمدە،
پەريات ئۇرار ئىكەن ئۈنچەم قاتتىق ستەمدە.
ئانا يەرگە قويىدى نادىر ھۇشسىز بېشىنى،
قۇتلۇق قېنى بوياپ كەتتى تاغنىڭ تېشىنى.
كەلدى نادىر تۇن يېرىمىدا ھۇشىغا ئاران،
مىدىرلاشقا پۇت ـ قولىدا يوق ئىدى دەرمان.
قول ـ پۇتلىرى قىل ئارقاندا چىرماپ باغلانغان،
يۈرەك ـ باغرى دەرت ـ پىراقتا كويگەن، داغلانغان.
"ۋادەرىخا!" دىدى كوككە تىكىلدى نادىر،
"ھالىڭ نىلەر كەچتى ئۈنچەم نەدىسەن ھازىر؟!"



ۋۇجۇدىدا يېنىپ ئاتەش قىينايتتى جاننى،
"ئۈنچەم!..." دەيتتى ئاختۇراتتى، پىكرى جاھاننى.
تاڭ يورۇدى، تۇتقۇنلارنى تاڭدۇرۇپ ئاتقا
يۈرۈپ كەتتى لەشكەر بېشى يېتىپ مۇراتقا.
توختا شائىر، كوز يېشىڭنى ئېقتما زىنھار،
مەرتلەر ئۈچۈن كوز ياش توكۇش ئىزا، نومۇس ـ ئار.

## ئالتىنچى باپ

ناپتى ئۈنچەم ئوز ھۇشىنى تۈندە ـ كېچىدە،
ياتار ئىدى تاۋار ـ دۇردۇن، ئەتلەس ئىچىدە.
بىر ئاھ ئۇردى ياقىسىنى ئەيلىدى ئۇ چاك،
جاھان ئارا يوقتۇر شۇ دەم ئۈنىڭدەك غەمناك.
"نادىر قېنى؟... ئۇ ھاياتمۇ؟..." دەيتتى ياش توكۇپ،
يۈرىگىگە شىرىن ئارزۇ ـ ئارمانلار پۇكۇپ.
بىر كېنىزەك: "يارىڭ ئامان زىنداندا، — دىدى، —
كى ئۇيلايدۇ پەريات ئۇرۇپ شۇ دەمدە سېنى.
يۈرىگىڭنى پارە قىلما ئۈمىت ئۈز ئاندىن،
يارىڭ ئوتەر كۆن نۇرىنى كورمەي جاھاندىن.
بىزنى ئاللا ئاجىز قىلىپ ياراتقان ئىكەن،
ياش توكمەكتىن بىزگە باشقا ئامال يوق ئىكەن.
پېشانەڭگە بۇ قىسمەتلەر يېزىلغان تۇرسا،

سەن بىر ئاجىز، ئۇ دولەتمەن شاھزادە تۇرسا.
ياشلىرىڭنى سۈرتكىن ئەمدى تەقدىرگە تەن بەر،
جاھىللىقنىڭ، نادانلىقنىڭ ئۆمرۈڭگە خەتەر."
قىز قەلبىگە خەنجەر مىسال سانجىلدى بۇ گەپ،
ۋۇجۇدىدا سەۋرى پۈتتى قايندى غەزەپ.
غەمكىن كوزى چېقىپ چاقماق تىترىگەندە تەن،
كېنىزەككە ئار-نومۇستىن پىچىپتۇ كېپەن.
كېنىزەك تېز خنجىلىقتا چۈشۈپتۇ يولغا،
ئۇيۇلۇپتۇ قاراشقىمۇ ھەتتا ئوك-سولغا.
پەريات ئۇرۇپ ئۇنچەم ھۇشسىز يېتىپتۇ يەنە،
نادامەتنىڭ كولچىگىگە پېتىپتۇ يەنە.

*

* *

ئولتۇراركەن نادىر تومۇر قەپەز ئىچىدە،
ھۇقۇشلارنىڭ سەت ئۈنلىرى كەزگەن كېچىدە.
ئۇزاقلارغا ھەسرەت بىلەن باقار ئىكەن ئۇ،
قايغۇ-غەمنىڭ دەرياسىدا ئاقار ئىكەن ئۇ.
كى ئۇنچەمنى ئاختۇراكەن نۇرلۇق كوزلىرى،
ۋۇجۇدىدىن ناخشا بولۇپ ئوخچۇپ سوزلىرى:

"يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ، مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق،
ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.



ئايرىدى زىندان مېنى، ئۇنچەم سېنىڭدىن نەيلەيىن،
تۈن-كېچە قان ياش توكۈپ ئارزۇمنى بايان ئەيلەيىن.
يۇتسىمۇ زىندان مېنى، روھىم سويەر ئۇنچەم سېنى،
تا قىيامەتتە كۆتەرمەن، تۇپرىغىمدا مەن سېنى"

بۇ ناخشىدىن زىندان تېمى كەپتۇ لەرزىگە،
ئالمىشىپتۇ ھەسرەت بىلەن بۇگۈن ئەتىگە.

*

* *

ئالتۇن قەسرە ئىچىدە ئۇنچەم ئولتۇراتتى جىم،
كوز ياشلىرى گۈل مەڭزىنى يۇيۇپ بىتتىنىم.
گۈل يېزىسى كەتمەس ئىدى ئۇنىڭ كوزىدىن،
سامان رەڭگى ئورۇن ئاپتۇ ئانار يۈزىدىن.
موھلەت بەرگەن قىرىق كۈنگە شاھزادە ئاڭا،
دەيتتى ئۇنچەم: "باشقا يول يوق ئولۇمدىن ماڭا.
دوزاق ئوتى تەك كەلمەيدۇ ئىشق ئوتىغا
سالدى زامان تائامىمغا زەھەر ۋە ئوغا.
جۇدا قىلدى ئوز يارىمدىن سۆيدى قاناتىم،
گويا سىرىق سەبدە كەبى سولدى ھاياتىم.
ئارمىنىم يوق نادىر سېنى كورۇپ كوز يۇمسام،
ۋەيران بولسا بىزنى بوققان تومۇر قەپەز تام."

ھەسرەت بىلەن ئۆتۈلگەندە كوۋۇكتا كەچتەر،
چىقتى ماراپ رۇجەكلەردىن ساماغا ئەختەر.
ئەنسىز تۈنلەر ۋەھىمىسى باشلاندى يەنە،
ياساۋۇللار كۆزلىتىدۇ ئۈنچەمنى ئەنە.
ھوشيار ئىدى ئۈنچەم باغلاپ جەڭگە كەمەرنى،
سويگەن ئۈچۈن تاللاپ بىرلا نادىردەك ئەرنى.
ئارسىز كۆلۈپ كىرىپ كەلدى شاھزادە ئۆيگە،
كىرمەك ئىستەپ ئالتۇن بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىگە.
يېنىپ ئۈنچەم كوزلىرىدە غەزەپ چاقمىغى،
غايىپ بوپتۇ يۈزلىرىنىڭ بوردەك ئاقلىغى.
"كەل مەلىكەم بۈگۈن توشتى بەرگەن مۆھلىتىم،
ھەر بىر كورسەم ئاشار ساڭا ئىشقىم-ھورمىتىم.
ئىشق ئوتۇڭ ۋەيران قىلدى، زەپىران قىلدى،
دەردۇ-غېمىڭ يۈرىگىمنى لەختە قان قىلدى.
دىگىنىڭنى قىلىپ بېرەي بىر سويۈش ئۈچۈن،
چاكار بولاي ئۈنچەم ساڭا ئۇمرۈمدە پۈتۈن.
تاۋار-دۇردۇن، ئالتۇن-يامبۇ غەزىنەم سېنىڭ،
سەنسىز قارا گوردۇر ئوتكەن كۈنلىرىم مېنىڭ.
باغى ئېرەم بىر ساڭا خاس ئويىنىغىن، كۈلگىن،
كېنىزەكلەر خىزمىتىڭدە غەم يىمەي يۈرگىن.
پۇچەك پۇلغا تويماس گاداي يارىڭ بولالماس،
نازۇ-نېمەت، بايلىق نېچۈن كوڭلۈڭنى ئالماس.



ھوزۇرۇڭغا كەلدىم بۈگۈن پۈتۈپ تاقىتىم،
ئارمىنىمغا يەتكۈز مېنى ئۈنچەم بۇ قېتىم."
دەپتۇ ئۈنچەم: "رەھىم ئەيلە ناتاۋانغا سەن،
مۇددەت تېخى توشمىدىغۇ بۇنى بىلمىسەن،
شەيتان سېنى ۋەسۋەسىگە سالسا بولما گول،
گۇناھكار سەن ھەق ئالدىدا ماڭا سالساڭ قول."
شاھزادىگە قىزنىڭ گېپى تەگدى ئوق بولۇپ،
شىرىن ئويلار ۋۇجۇدىدىن يۈتتى يوق بولۇپ.
بىر ھازاغا قەسرە ئىچرە تۇرۇپ قالدى ئۇ،
ئەلەم بىلەن ئارتقا قاراپ يولنى سالدى ئۇ.
قىز كوڭلىنى ئۇۋۇلاش ئۈچۈن تاپماققا ئامال،
مۇنەججىمنى چاقىردى ئۇ سالغىن دىدى پال.
قۇلاق سېلىپ شاھزادىگە دەپتۇ مۇنەججىم:
"مەلىكىڭىز يات بىرسىنى ئويلار بىتىنىم."
بۇ گەپ بىلەن شاھزادىنىڭ تاشتى غەزىۋى،
سۇغۇرۇلدى ئوز قىنىدىن كۈمۈش شەمشىرى.
"لېكىن يەنە بۇ يەردە بار بىر يول ۋىسالغا،
دىدى ئاستا جاۋاپ بېرىپ ئوزى سوئالغا.
ئالتۇن-كۈمۈش مەلىكىنى قىلاركەن ئەسىر،
ئاشالماسكەن يىگىت ئىشقى بولۇپ ئىگىز قىر.
قىز ئاشىقى بۇ ئالەمدىن بىراق يوقالسا،
ئەڭ ياخشىسى ئاخىرەتكە ئۇ سەپەر قىلسا.

مەلىكىنىڭ كۆڭلى سىزگە باغلىنار ئىكەن،
جامالىڭىز شەۋقىدە ئۇ داغلىنار ئىكەن“
شاھزادىنىڭ كۆڭلى ئۆسىن تېپىپ بۇ گەپتىن،
جېنى يايراپ، لەززەتلىنىپ غايىپ شەھۋەتتىن.
دەپتۇ ئوسمان: ”بەند قىلىنغان نادىر زىندانغا،
چىرىپ ئۇندا سۆڭەكلىرى ئايلىنار چاڭغا.“
ئۇنداق بولسا دەپ مۇنەججىم كۆرسىتىپتۇ يول:
”سەن ياساتقىن ئاق شايىدىن بىر تال لەيلىگۈل.
ئۈلگىنىنى ئۆز يارىنىڭ بىلەر جانان قىز،
شۇ چاغ سېنىڭ مەقسىتىڭمۇ ھەل بولىدۇ تېز.
ئۈزۈلىدۇ قىزنىڭ رىشتى نادىردىن شۇ دەم،
ئەسىر قىلار قىزنى مېھرىڭ بولغىن خاتىرجەم.“
شاھزادىگە ماقۇل بولۇپ بۇ چارە-ئامال،
مۇنەججىمگە تون كىيدۈرۈپ دەپتۇ: ”بۇندا قال!“
ئاق لەيلىنى كۆرۈپ ئۇنچەم توكۇپتۇ قان ياش،
قارا تۇننىڭ ھامىسىدەك چۇۋۇلۇپتۇ چاچ.
بىر ئاھ ئۇرۇپ يەر قۇچۇپتۇ ئۇنچەمنىڭ تېنى،
جاۋغىيىدا ئۈيۈپ قاپتۇ لالىرەڭ قېنى.
ئاڭلاپ نادىر ئۇنچەم ئۆلدى دىگەن خەۋەرنى،
يېشىپ تاشلاپ بېلىدىكى كۈمۈش كەمەرنى.
دەپتۇ ئۈنلۈك: ”ئەلۋىدا ئەي غەمگە يار ئالەم،
سەندە خوۋلۇق كۆردىمكىن ئىشقى بار ئادەم.



ئەلۋىدا ئەي كۈمۈش بۇلاق، ماڭا سىرداش تال،
ئەلۋىدا ئەي ئاشىق ئەھلى، پىغان چەككەن چال.
ئەلۋىدا ئەي پەسلى باھار، لالە-رەيھانلار،
ئەلۋىدا ئەي كۆكۈل سۈيگەن باغۇ-بوستانلار!“
پۈتتى سوزى كۆلدى نادىر، كۆلدى قاقاقلاپ،
كۆزلىرىدە بۈيۈك ئارمان ئوتلىرى چاقناپ.
كۆكرىگىنى ئىككى قولدا يىرتىپ تاشلاپتۇ،
لالىرەڭ قان تام-تورۇسنى بوياپ تاشلاپتۇ.
قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ شوخ يۈرىگى بىردىن،
پەرۋاز قىلىپ كەڭ سامادا ئېشىپتۇ قىردىن.
ئاققان قېنى ئايلىنىپتۇ ئۇلۇغ كۆلخانغا،
تۇتىشىپتۇ گۈكىرەپ ئوت مەشئۇم زىندانغا.
ئوت ئۇچقۇنى خان تەختىنى قىپتۇ ئورتەپ كۆل،
دەرتمەنلەرنىڭ يۈرىگىدە ئېچىلىپتۇ گۈل.
ھەسرەتلەنمە، ھىكايەڭنى شائىر قىل داۋام،
ئۇزات ساقى سەنمۇ تېزرەك مەيگە تولغان جام.

## خاتىمە

شۇ ۋەقەنىڭ ئەتىسىگە قىزنىڭ قەۋرىدە،
بىر قىزىق ئىش سادىر بوپتۇ ئىنسان ئومرىدە.
ئېچىلىپتۇ ئەلنى شەيدا قىلىپ قىزىلگۈل،

گۈل شېخىدا سايرار ئىمىش نالە قىپ بۇلبۇل.
بولدى سەھەر گۈل ۋە بۇلبۇل قىسسىسى تامام،
ھوزۇرلاندىم ئۆي خىيالىم تاپقاچقا ئارام.
قەلىمىمدىن تامدى يۈرەك قانلىرىم مېنىڭ،
پۈتتى قىسسە ياىراپ كەتتى جانلىرىم مېنىڭ.
شائىر ئۈچۈن ئارامگاھدا تۇرماق مۈشكۈل ئىش،
كۈتەر ئۇنى تېخى يەنە قايناق نۇرغۇن ئىش.

1979 ـ يىل ئاپرېل.

سۇلتان ماخمۇت

# گۇلشەن چېچەكلىرى

## پارتىيە يولى بىلەن

كومپارتىيە نۇر چېچىپ،
يەتتۇق بىز يورۇق تاڭغا.
بەختىمىز چېچەك ئاتتى،
ئېرىشتۇق يېڭى ئاڭغا.

قىزىل تاڭدىن روھلاندۇق،
چامدايمىز هامان ئالغا.
تاۋلاندۇق كۇرەشلەردە،
ئايلىنىپ پولات ـ گاڭغا.

تەييارتاپ مەرەزلەرگە،
ئەمدى هۇجۇم باشلايمىز.
قىلىپ كۇرەش ـ شىكايەت،
جەڭدە غۇلاچ تاشلايمىز.

يېتەكلىگەچ پارتىيە،
غەلىبە ئۇتتۇق بىزگە يار.

يېڭى دۇنيا قوينىدا،
ياشايمىز ھور، بەختىيار.

1951 - يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

## بەختىمىزگە بول ئامان

خەلقىمىزنىڭ سويگىنى،
خەلق ئازاتلىق ئارمىيە.
بۈگۈن شانلىق تويۇڭدا،
يازدىم ساڭا مەدھىيە.

پاچاقلىدىڭ جەڭ قىلىپ،
قارا زۇلمەت تەختىنى.
ئېلىپ بەردىڭ دۈشمەندىن
خەلقىمىزنىڭ ئەنتىنى.

سەن ياراتقان تاڭ بىلەن،
تاپتى خەلقىم بەختىنى.
شۇ بەختىنىڭ بىز بۈگۈن
تازا چاقتۇق قەنتىنى.



سەن كۆرەشتە، ئەمگەكتە،
بىزگە ئۆلگە - تۇغ بولدۇڭ.
كېلەچەكنىڭ ئىشقىدا،
يالقۇنلىغان چوغ بولدۇڭ.

ئۇستەڭ ياساپ، بوز ئېچىپ،
چولدە بوستان ياراتتىڭ.
ئېچىلدۇرۇپ گۈل - چېچەك،
خۇشپۇراقلار تاراتتىڭ.

قۇرۇپ زاۋۇت، فابرىكا،
سانائەتكە ئۇل سالدىڭ.
گۈللىتىشكە ئولكەمنى،
ئوزەڭ باشلاپ قول سالدىڭ.

ئىشچى، دېخان ھەر مىللەت،
سەندىن خوشال، رازى بىز.
شەرىپىڭنى كۈيلەيدۇ،
مەرغۇللىنىپ سازىمىز.

سېنى باشلاپ ماڭماقتا،
يولباشچىمىز پارتىيە.

بەختىمىزگە بول ئامان،
خەلق ئازاتلىق ئارمىيە.

1952 – يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

## تەلكە تاغلىرى

پېشىل مەخمەل كوينەك كىيىپ تۇرار تەلكە تاغلىرى،
چەكسىز كەتكەن قۇچىغىدا گۈل-گۈلىستان باغلىرى.

باغلىرىغا ھوسۇن قوشار نازۇك تاللار، سۇمبۇللار،
گۈل شېخىدا چاڭ كەلتۈرۈپ خوشال سايرار بۇلبۇللار.

بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ شاقىراپ،
سايلىرىدا ھەسەل ئاقار كۈمۈش ئوخشاش پاقىراپ.

نۇرغا تولغان گۈل ۋادىسى چاقنىتىدۇ كوزلەرنى،
غۇر-غۇر ئۇچقان شاماللىرى ئەكىلىتەر يۈزلەرنى.

قاپتىلىدا ئوتلىشىدۇ مال-ۋارانلار يامرىشىپ،
ئىڭاڭلىغان چىمەنلەردە ھوزۇر سۈرۈپ يايلىشىپ.



يەلكىسىدە تاق-تاق سەكرەپ بۇغا، كىيىك، ماراللار،
ئوينىشىدۇ كىشىلەرگە دېگەندەكلا: "قاراڭلار!"

يوتىسىدا غۇنچىلىغان رەڭدار لەيلىقازاقلار،
قولاق يېقىپ پىچىرلىشار چېلىپ خوشال چاۋاكلار.

كەڭ باغرىدا تولۇپ ياتقان ئالتۇن، كۈمۈش بايلىقى،
جانغا ئارام بېغىشلايدۇ كەڭساي دېگەن يايلىقى.

نېرىسىدا سايرام دېگەن بىر چىرايلىق كولى بار،
ئۇنىڭ سۈيى دولقۇنلىنىپ ئوز ئوقىدا ئايلىنار.

ئەتراپىنى سەيلە قىلساڭ شاتلىق تاشار دىلىڭدا،
دەريا-دەريا ھوزۇر، لەززەت كېزەر يۈرەك قېتىڭدا.

كۈندىن-كۈنگە گۈللەپ كەتكىن سويگەن تېغىم ئەي تەلكە،
ياقۇت كوزدەك زىننەت بېرىپ ئانا بوشۇگۇم — ئەلگە.

1953 – يىل، غۇلجا-ئۈرۈمچى.

## باللارغا

دەۋرىمىز مېھرىدىن غۇنچىدەك كۈلگەن،
باللار، سىلەرنى كوردۇم ھەۋەستە.
شانلىق تويۇڭلارنى تەبرىكلەپ بۈگۈن،
سىلەرگە شېئىردىن تۇتتۇم گۈلدەستە.

قۇرۇشچۇن دۇنيادا كوممۇنىزىمنى،
ئوقۇڭلار بېرىلىپ راسا ئىلىم-پەن.
تاۋلىنىپ پولاتتەك ساغلام ئۇسۇڭلار،
سىلەردىن كوپ ئۈمىت كۈتىدۇ ۋەتەن.

دەۋرىمىز سىلەرنىڭ، ۋەتەن سىلەرنىڭ،
سىلەرگە پارتىيە ئوزى مېھرىبان.
كامالغا يېتىڭلار كوكلەپ چىناردەك،
سىلەرگە يارالدى ئەمدى كەڭ ئىمكان.

ۋەتەنگە كوپ توھپە تەقدىم قىلىشچۈن،
بولۇڭلار ئاگرانوم ياكى ئىنژىنىر.



ۋە مەيلى بولۇڭلار گاڭ قەلەم تۇتۇپ،
ھەقىقى رېئالىست يازغۇچى، شائىر.

بولۇڭلار ھاۋادا ئۇچقۇچى لاچىن
ۋە ياكى بولۇڭلار جەڭگىۋار جەڭچى.
بولۇڭلار يارامىلىق گاڭ بىلەك ئىشچى
ۋە ياكى بولۇڭلار سازچى، سەنئەتچى.

پارتىيە سوزىنى تۇتۇڭلار ئەستە،
سىلەردە ئۇلۇغۋار بىر ئىستەك بولسۇن.
يۈرىگىڭلار ۋەتەن ئىشقىدا تېپىپ،
گۈل-غۇنچە چېغىڭلار شەرەپكە تولسۇن.

سىلەر كەلگۈمىزنىڭ مىراسخورلىرى،
سىلەر تايانچىمىز، شان-شەۋكىتىمىز.
سىلەر بەخت گۈلى، ھايات يۇلتۇزى،
سىلەر ئىشەنچىمىز، كۈچ-قۇۋۋىتىمىز.

1954-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

# يۈرىگىمنىڭ قېتىدىن

قۇندۇز قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق چولپىنىم،
كۈندەك پارلاپ نۇر چاقنايدۇ كۆزۈڭدىن.
دولقۇنلانغان زور شاتلىقنىڭ يالقۇنى،
ئەكس ئېتەر قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭدىن.

ئاق ئالتۇندىن توپ-توپ رەختلەر ياراتقان،
سەن چېلىشچان فابرىكىنىڭ گۈلىسەن.
كەڭ ۋەتەنگە داڭقى، شوھرەت تاراتقان،
يۇرتىمىزنىڭ شانى قۇتلۇق قىزىسەن.

چىۋەر، تېتىك، كۈچكە تولغان قولۇڭدا،
ئىستانوكنى سايرىتىسەن بۇلبۇلدەك.
سېخ بېشىدا تىك تۇرۇپسەن خۇشچىراي،
خۇددى تاڭدا كۈلۈپ تۇرغان يۇلتۇزدەك.

شۇنچە ھەيۋەت ماشىنىنى باشقۇرۇپ،
ئوقتەك ئىلدام ئۇ يان-بۇ يان چاپىسەن.



تويى كۈندەك جىلۋە قىلىپ ئۇسغىم،
سەن داۋالغۇپ ئىش كوكسىدە ئاقىسەن.

گۈرۈلدىسە نەغمە چېلىپ ماشىناڭ،
شاتلىنىسەن ئىچ-ئىچىڭدىن يالقۇنلاپ.
يەڭنى تۈرسەڭ ئورکەش ياساپ ئاقىدۇ،
تومۇرۇڭدىن غەيرەت قېنى دولقۇنلاپ.

سېنى شۇڭا ئەزىزلەيدۇ دىلىدىن،
كەڭ فابرىكاڭ "ئىشچان-چېچەن" قىزىم دەپ.
ھەممە سېنى چۈشۈرمەيدۇ تىلىدىن،
ئالقىشلىشىپ ھۆرمەت بىلەن قەدىرلەپ.

سەن خىسلەتلىك ھۈنىرىڭنىڭ چىۋەرى،
رەختنى سىلىق، گۈلدار-رەڭدار توقۇغان.
مېھرى قايناق، چەكسىز دېڭىز چىڭ شۈبھىيەن،
ساڭا بەخت ئاچقۇچىنى تۇتقۇزغان.

ئەندىز ئالدى سەندىن نۇرغۇن دوستلىرىڭ،
ھەر قەدەمدە سەن زور ئۈلگە ياراتتىڭ.
ئىشچانلارنى چىللاپ ئۆزەڭ بەس-بەسكە،
سېخلار ئارا ئەمگەك كۈيى قايناتتىڭ.

*

*

*

"سەن زاۋۇتتا، مەن فابرىكىدا، يىگىتىم،
قايناق چېلىش جەڭچىلىرى ئۆزىمىز.
گاڭ بىلەكىنىڭ قۇدرىتىنى بېغىشلاپ،
كېلىچەكىنىڭ گۈل بېغىنى تۈزىمىز".

ئاخشام ئېيتقان قەندىن تاتلىق ئۇ سۆزۈڭ،
يەنە قوزغاپ ھەۋىسىمنى ئويغاتتى.
ۋەتەن ئۈچۈن لاۋۇلدىغان ۋۇجۇدۇڭ،
ئوتلۇق ئىشقىم ئېقىمىنى ئۇلغايتتى.

مېھرىڭ چوغ بوپ توكۇلگەندە كوكسۇمگە،
كېزىپ چىقتىم شوخ قەلبىڭنىڭ بېغىنى.
ساپ ئالتۇندەك بىر يالقۇننى بويلىدىم،
ئۇچراتمىدىم چاڭ-توزاڭنىڭ دېغىنى.

يۈرىگىڭنىڭ ئۇرۇشىنى تىڭشىسام،
چاڭجياڭ كۈيى-شاۋقۇنىدەك ئاڭلاندى.
مۇھەببىتىم ئېشىپ ساڭا چېكىدىن،
مەڭگۈلۈككە ئۈزۈلمەس بوپ باغلاندى.



ئورلە يۈكسەك يەنە ئەمگەك قوينىدا،
ئۈچقۇر بەيگە پەللىسىدە قاناتلان.
ئۈمىدىڭنىڭ چېچەكلىرى ئېچىلسۇن،
بەخت قۇچۇپ يەر-ھاۋادا قىل جەۋلان.

ئوتۇقلىرىڭ، سېنىڭ بەختىڭ — شاتلىقىم،
چۈنكى ئۆزەم سېنىڭ بىلەن يۈرەكداش.
سەن رەخ توقۇ،
مەنمۇ ياساي پولات ئات،
غەلبىمىزگە پارتىيەمىز تىلەكداش.

ئىشتا پىشقان فابرىك قىزى ئەي گۈلنار،
قاتتىق قىسىپ بۈگۈن ئىسسىق قولۇڭنى؛
سېنى سويگەن يۈرىگىمنىڭ قېتىدىن،
قۇتلۇقلايمەن پارلاق ئۇلۇغ تويۇڭنى.

1955-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# قارا ئالتۇن كانىدا

(چاتما شېئىر)

## كاندا

قارا ئالتۇن كانى دىسە، ئويۇمدا
ئوخشىتاتتىم خۇددى گورنىڭ ئىچىگە.
بۇگۈن كىيىپ مانا قومۇش قالپاقنى،
قەدەم قويدۇم چوڭقۇر كاننىڭ تېگىگە.

قارا ئالتۇن دېڭىزىغا چۆشكەندە،
ئەيمىنىشنىڭ دولقۇنىغا چومۇلدۇم.
كانچى دوستۇم مەدەت بەرگەچ يېنىمدا،
بىردىن يەنە كۆچ-غەيرەتكە كومۇلدۇم.

كوز ئالدىمدا پەردە ئاچتى بىر شەھەر،
تاڭ ئالدىدا خۇددى كۈلگەن چولپاندەك.
ھەيران قالدىم پەرىزاتقا ئۇچرىشىپ،
ئەس-ھۇشۇمنى ئوغۇرلىتىپ قويغاندەك.



كوردۇم شۇندا قارا ئالتۇن شەھرىنىڭ
ھەر تەرەپكە ئۇزۇن كەتكەن يولىنى.
ياندا ماگدىم زوقۇم تېشىپ يول سېلىپ،
ياتقۇزۇلغان رېلىسلارنىڭ بويىنى.

گور ئەمەسكەن قارا ئالتۇن ماكانى،
مەن ئويلىغان جىن چىراقنىڭ بىرسى يوق.
ھاڭ-تاڭ قالدىم بۇ شەھەرچە ھوسنىگە،
ئۇنىڭ ئىچى كۈن چۈشكەندەك يوپ-يورۇق.

بۇ شەھەرنىڭ تورىسىغا غۇچچىدا،
يۇلتۇزلاردىن قاتار مۇنچاق ئېسىلغان.
ئۇزۇن كەتكەن كوچىلارغا يارىشىپ،
ئۇنىڭ نۇرى شۇنداق تەكشى چېچىلغان.

شۇندا بىردىن كوز ئالدىمدىن بۇلۇتتەك،
ئوتتى مۇڭلۇق قارا يىللار پەردىسى.
قۇلىغىمدا پىغان بولۇپ ياگرىدى،
ئوتمۇش خاگىنىڭ داۋالغۇغان نەرىسى:

"زوخاگدىن چۈشۈپ بېرىپ،
تاشنى چاپقان ئوخشايمىز.

بەرگىنى سۇنۇق ياماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمىز.

كېچە-كۈندۈز دىمەستىن،
خاڭدا كومۇر كولىدۇق.
كىيىم-كېچەك يوقىدىن،
بىرمۇنچىلار توڭلىدۇق.

خاڭنىڭ ئاستى قاراڭغۇ
ماڭالمىدۇق يول تېپىپ.
قوللار قاپىرىپ كەتتى،
كومۇر دەپ تاشنى چېپىپ.

گوردەك خاڭدا ئىشلەيمىز،
ئايلىغىمىز بەش تەڭگە.
كوڭۇل مۇپتىلا بولدى،
تۈگىمەس ئازاپ، غەمگە.“

بۇ ناخشىلار شۇم ئۆتمۈشنىڭ ساداسى،
ئۇ زامانلار ئادەم يۈتار گور بولغان.
سانسىز جانلار ناھەق ئۆلۈم غارىدا،
يوروۇق جاھان كورمەي كويۇپ كۈل بولغان.

* * *



قېلىشمايدۇ ئېلېكترلىق سارايىدىن،
نۇرغا چومگەن زامانىمىز كانلىرى.
يەر ئاستىنىڭ شەھەرچىسى بۇ جايدىن،
ھوزۇرلىنار ئەمگەكچىنىڭ جانلىرى.

بۇ شەھەرچە كوچىسىدا — باغرىدا،
جۇش ئۇرماقتا قايناپ ئەمگەك دولقۇنى.
ساپ يۈرەكلىك چەبدەس قوللار ئىشلاردا،
يۈزلىرىدە چىن بەختنىڭ يالقۇنى.

شۇ يالقۇننىڭ تەپتى چىرماپ قەلبىمنى،
ياش يۈرىگىم باغلىرىنى يايراتتى.
مېھنەت سازى جاراڭلىغان كەڭ دېڭىز،
ئىلھامىمنى بۇلدۇقلىتىپ قايناتتى.

## كانچى دوستۇمغا

قارا ئالتۇن مېترۇسىغا* كىرگەندە،
ئەڭ دەسلەپتە سەن كوزۇمگە ئىلىندىڭ.
خوشال ئەمگەك نەغمىسىنى ياڭرىتىپ،
قامىتىڭدىن گويا تاغدەك بىلىندىڭ.

* مېترو — يەر ئاستى ئېلېكتىر تومۇريولى.

لىگەن قالپاق كىيىۋاپسەن جەڭچىدەك،
گاڭ قولۇڭغا يارىشىپتۇ بۇرغىيۇڭ.
ئاستا مېڭىپ مەن يېنىڭغا بارغانـدا،
كەڭ كوكسۇڭنى مەن تەرەپكە تولغۇدۇڭ.

سالام بەرسەم ئىلىك ئالدىڭ يېقىملىق،
مېھىر چاچتىڭ كۇلۇمسىرەپ يۈزۈڭدىن.
ئۇيقۇسىدىن يېڭى تۇرغان قۇياشتەك،
نۇر ئېقىمى پارلاپ ئاقتى كوزۇڭدىن.

بۇرغۇ بىلەن داۋام ئەتتىڭ ئىشىڭنى،
توپا-توزاڭ چىقار ئىدى پۇرقىراپ.
تاغ سۈيىدەك ئۇرغۇپ-چاپچىپ ئاقاتتى،
تومۇرۇڭدا غەيرەت قېنى شۇقىراپ.

ماڭلىيىڭدا يالتىرايتتى-ئۇنچىلەر
تاڭ سەھەردە گۇلگە قونغان شەبنەمدەك.
باش چىرىغىڭ كۇلگۇنچەك نۇر چاچاتتى،
مەنمۇ كۇندىن قېلىشمايمەن دىگەنـدەك.

توختىمىدىڭ بىر نەپەسمۇ ئىشىڭدىن،
سەن بىلىپسەن يەر ئاستىنىڭ تىلىنى.



تۇيۇقسىزلا گۇمبۇرلىتىپ پارتلاتـتىڭ،
ئۇيۇل تۇرغان قارا ئالتۇن تېغىنى.

پارتلاش بىلەن گۇلدۇر-گۇلـدۇر يېقىـلىپ،
كاللەك-كاللەك قارا ئالتۇن دوۋىلەندى.
ۋاگونلارغا قاچىلىنىپ لىقمۇ-لىق،
شۇ ئالتۇنلار يەر ئۈستىگە يول ئالدى.

شۇندا بىردىن قايناپ تاشتى ھەۋىسىم،
شوخ يۈرىگىم قانات قېقىپ ئوينـىدى.
سەلدەك تېشىپ ئىلھامىمنىڭ بۇلىغى،
ياز دەپ سېنى يازمىغانغا قويمـىدى.

يازالمىدىم ئەمگىكىڭگە يارىشا،
تېخى ئۇزەم قەلىمىمدە ياش چېچەك.
گۇل ئاچقاندا پوئىزىيە بېغـىدا،
مەن يازارمەن دىلىڭ ھوزۇر ئالغۇدەك.

## مۇكـاپـات

ئىسمىڭ ياڭراق مىكرافۇندا تووۇلىنىپ،
سەن چىققاندا كۇلۇمسىرەپ سەھنىگە.
شاۋقۇن سىلىپ تەۋرەپ كەتتى كەڭرى زال،
سىنىڭ ئەجرىڭ، مىھنىتىڭنىڭ شەنىگە.

كەڭ سەھنىدە دولقۇن ئۇرۇپ شاتلىغىڭ،
مەغرۇر تۇردۇڭ گەۋدە كىرىپ بۇركۇتتەك.
توپ ئىچىدىن سەپ سالاتتى ئامرىغىڭ،
ئىككى كوزى چاقناپ خۇددى يۇلتۇزدەك.

كوكرىگىڭگە تاقالغاندا قىزىلگۇل،
مىڭلاپ كوزلەر ساڭا زوقمەن قارىدى.
سازغا چۇشۇپ ھەر يۇرەكنىڭ تارلىرى،
ئوكياندەك كۇچلۇك دولقۇن ياسىدى.

كۇلۇپ تۇرۇپ سۇنۇپ بەردى سىكرىتار،
ئۇز قولۇڭغا كاستىيۇم بىلەن بۇرۇلكا.
يەنە ياڭراپ قايتا چاۋاك چىلىندى،
مىڭ تەشەككۇر دەپ سىنىڭدەك ئوغۇلغا.



يەنە ئۇرلە، يەنە يۇكسەل قايىنامدا،
ئەي چىلىشچان كانچى دوستۇم مەرت يۇرەك.
سەندەك جەسۇر ئوغلانلارنىڭ تەرىدىن
كورۇنمەكتە نۇرلۇق غالىپ كىلىچەك.

1956 - يىل فىۋرال، ئۇرۇمچى ليۇداۋان.

## قىزنىڭ خىتى

شامالدىن پۇقۇرىغان قار ئۇچقۇنلىرى
توختىماي ئۇزىنى ئەينەككە ئۇرار.
غۇۋا نۇر ئويىنىغان ئويىنىڭ ئىچىدە
دەرىزە تۇۋىدە بىر قىز ئولتۇرار.

تال - تال كىرپىكلىرى ئورىغان مەغرۇر
بىرلىيانت كوزىدىن نۇر يىغىپ تۇرار.
گاھ جىملىق ئىچىدە، گاھ تۇرۇپ بىردىن
جىنەستە لەۋلىرى پىچىرلاپ قويار.

قولىدا قەلىمى، ئوزى خىيالچان،
ئۇ چوڭقۇر بىر ئوينىڭ قوينىغا پاتقان.

ئانار يۈز، خۇش قامەت قەلەمقاش قىزنى
ئەڭ نازۇك بىر تۇيغۇ ئىلكىگە ئالغان...

دەرىزە ئۈستىدە، رەسىمدە كۈلۈپ،
تۇرىدۇ بىر يىگىت ياش غۇنچە گۈلدەك.
كوكسىگە تاقىغان بىر جۈپ مېدالى
يالتىراپ ۋە چاقنار گوياكى كۈنـدەك.

كۈن يېڭى ئويغىنىپ شۇلىسىن چېچىپ،
قىزنىڭ جامالىدا ئوينىغاندا نۇر.
بىردىنلا شىرىلداپ ئوتكۇر قەلـىمى،
ئاق قەغەز ئۈستىدە يۈگۈردى مەغرۇر:

"ئەي مېنىڭ سويگىنىم قەلبىم چولپىنى،
تاڭ بىلەن ئويغىنىپ يازدىم ساڭا خەت.
بەختتىن نۇر ئەمگەن ئوتلۇق كوكسۇمدە،
دولقۇنلاپ تاشىدۇ قايناق مۇھەببەت.

تۈنۈگۈن يوللىغان رەسىمىڭنى كورۈپ،
يالقۇنلۇق بىر ھىسنىڭ قوينىغا چوكتۇم.
سەن تىزغان ئۈنچىدەك شىرىن قۇرلارغا،
تويماستىن بىرنەچچە كوز سېلىپ ئوتتۇم:



'يۈرۈگۈم سويگۈنى ــ بەختىم چېچىكى،
سېغىنىپ دىلىمدا ئەسلەيمەن سېنى.
ئاڭلىغان چېغىمدا سەندىن خوش خەۋەر،
شاتلىقنىڭ دولقۇنى كومـدۇ مېنى....

ئاخىرقى سوزۇم شۇ ئامرىغىم، جېنىم،
كەڭ يېزاڭ ئۇم ھايات قوينىغا ئاقسۇن.
پارتىيە كورسەتكەن بەخت بېغىغا
يول سېلىپ ئارزۇلار قاناتلار قاقسۇن.

كەڭ دالا، دەشت ـ چوللەر ياشناپ ۋە گۈللەپ
ئەسىرلىك ئارزۇغا يۈرىگى قانسۇن.
ئۇنىڭ كەڭ باغرىدا ئۇملەشكەن جانـلار
بەختنىڭ، شاتلىقنىڭ قەنتىنى چاقسۇن.

ھە، سەنمۇ چولپىنىم مۇشۇ قايىنامدا،
جەڭگىۋار ئىشىڭنى يەنىمۇ ئۇلغايت.
گۈل ئاچسۇن بىخ ئۇرغان ئۇمىت چېچىگىڭ،
ئىش ئەمگەك سازىنى مەغرۇر جاراڭلات.

سەن ئۈچۈن مەنـمۇ ھەم ۋۇجۇدۇم بىلەن،
پولاتتىن گاڭ ئاتلار ياساۋاتىمەن.

چېلىشچان يىل ئۈچۈن تۈزدۈم گاڭ پىلان،
دولقۇنلار ئارىسىدا قايناۋاتىمەن.

گاڭ ئاتلار پۈشقۇرۇپ، ناخشىلار توۋلاپ،
چىققاندا كەڭ يېزا توي تويلايدۇ شات.
'تاش-تاش، ئىچكىرى' دېگەن سۆز تۈگەپ،
يەنىمۇ يۈكسەلەر بەختىيار ھايات.

سەن ئىشقا سالغاندا تۆمۈر تايچاقنى،
چاۋاكلار ياڭرىتىپ پايانسىز ئېتىز؛
رەھمەتلەر ئۈستىگە رەھمەت ياغدۇرار:
—مىڭ ياشا، —دەپ خوشال، —تىراكتورچى قىز'.

ئۈنچىدەك تىزىلغان ئاشۇ قۇرلىرىڭ،
قەلبىمدە بىر دەريا شاتلىق قوزغىدى.
ھەر سۆزۈڭ تۈگىمەس قۇۋۋەت بېغىشلاپ،
سېغىنىش ئوتلىرى مېنى چۇلغىدى.

ئاڭلىدىم شۇڭقارىم شۆھرەت-داڭقىڭنى،
بولۇپسەن زاۋۇتتا ھەممىگە ئۈلگە.
ۋۇجۇدۇڭ-كۈچۈڭنىڭ قويماي بارىنى،
مەردانە بېغىشلاپ ئانا ۋەتەنگە.



كۆكسۈڭگە ياراشقان شۇ بىر جۈپ مېدال،
ئىجاتچان روھىڭدىن كۆرسەتتى دېرەك.
شاتلىغىم جۇشقۇنلاپ پونتانلار ئېتىپ،
ئۆركەشلەر ياشىدى خۇددى ماگمىدەك.

پات-پات ياز، تەلمۈرتمەي يۈرەك خېتىڭنى،
مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى قىلىمەن ئادا؛
ئۆملىشىپ ئىشلەشنىڭ سازىنى چېلىپ،
ئاشلىقلار غەزنىسى كەڭ يېزا ئارا."

شۇ يەرگە كەلگەندە قەلىمى تىنىپ،
قىز خەتنى قاتلىدى، قولىغا ئالدى.
ئىشىكتىن چىقتى-دە، پوچتا پونكتى—
جايلاشقان ئورۇنغا مەغرۇر يول ئالدى.

1956-يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## قاچان بېرىسەن يۈرەك سىرىڭنى

تۇن تاڭغا ئالمىشار كىرپىك قاقماستىن،
ئىشقىڭ يۈرىگىمنى ئوغرىلاپ قېچىپ.

مەن سېنى ئويلايمەن چارچاپ تالماستىن،
شېرىن ۋە راھەتلىك ئۇيقۇدىن كېچىپ.

تەسەۋۋۇر ـ خىيالىم قۇچاق ئاچقاندا،
ئىللىق نەپەسىڭدە بولىمەن مېھمان.
سۆيگۈمنىڭ لاۋاسى قايناپ تاشقاندا،
يانىسەن ئالدىمدا سەن بولۇپ چولپان.

ئەپسۇسكى، بىلمەيسەن مۇھەببىتىمنى،
ساپ ئىشقىم سەن ئۈچۈن يانار لوغۇلداپ.
"سۆيگەنگە سادىقمەن!" دېگەن شۇ سۆزنى
قەلبىمنىڭ تۆرىگە يازدىم ئۇلۇغلاپ.

ھەيرانمەن بەرمەيسەن خېتىمگە جاۋاپ،
كۆزۈمگە مەنىلىك بېقىپ قويىسەن.
قەلبىمگە سىرلىق بىر تېپىشماق تاشلاپ،
سۆيگۈ تۇمارىنى ئېسىپ قويىسەن.

كۆڭلۈمنى غەش قىلما، بەس ئەمدى يېتەر،
شۇنچىلىك تەلمۈرتۈپ جاننى ئالغىنىڭ.
بەس، يېتەر يۈرەكنى سەن ئەيلەپ كاۋاپ،
چوغ بىلەن كۆيدۈرۈپ ئازاپ سالغىنىڭ.



پىراقىڭ ـ ئىشقىڭدا ۋۇجۇدۇم گۈلخان،
باغرىمغا مۇز بېسىپ ئۆچۈرەلمەيمەن.
سېنىڭسىز بەختىمنىڭ گۈلى ئېچىلماس،
سېنىڭسىز شات ھايات كەچۈرەلمەيمەن.

تاقىتىم تاق بولۇپ يازدىم يەنە خەت،
قېنىماي تېز قايتۇر جاۋاپ خېتىڭنى!
مەن ئۈچۈن قەلبىڭدە بارمىكىن ئورۇن،
نامايەن قىلساڭچۇ يۈرەك سىرىڭنى!

1957 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## كەتمەي يېنىڭدىن

ئۈيتوغراق*، ئۈيتوغراق، ئەي ئەل گۈلشىنى،
نامىڭنى خۇمار بوپ ئاڭلايتتىم ھەر چاغ.
قەلبىمدە ئۈزمەكتە شاتلىق يەلكىنى،
مەن كەلدىم قوينۇڭغا، ئەي بوستان گۈلباغ.

* جاي ئىسمى.

مېھرىڭدە ياندۇرۇپ، دىلنى يايرىتىپ،
ياش كۈيچى ئوغلۇڭنى باغرىڭغا ئالدىڭ.
سەيلى قىپ ھوسنۇڭگە باققان چېغىمدا،
پەيزىڭدىن كوكسۇمگە بىر يالقۇن سالدىڭ.

ئۇ يالقۇن ئۇچمەيدۇ، ئوتتەك لاۋۇلداپ،
مەڭگۈگە قۇياشتەك تۇرىدۇ يېنىپ.
ئۇچمەيدۇ بۇ يالقۇن، تۇپراق بوپ جىسمىم
تەبەت قوينىغا كەتسىمۇ سىڭىپ.

ھەيرانمەن، ھەيرانمەن گۈزەل ھوسنۇڭگە،
گوياكى جەننەتقۇ سەن، ئەي گۈلىستان؟!
يا مېنى ئالدىمۇ گوللاپ ئىلكىگە،
ئېخ! شىرىن ئۇيقۇدا چۇش دىگەن شەيتان؟

ياق مېنىڭ خۇدۇم بار، بۇ چۇشۇم ئەمەس،
جامالىڭ ئالدىدا ھودۇقتۇم چېغى.
كۇرمىگىلاپ يۇرەكتە قوزغاتقان ھەۋەس،
ئەي، گۈزەل ئولكەمنىڭ ياقۇت رەڭ بېغى.

بېلىمنى باغلىدىم: سېنى تەل-توكۇس
تەسۋىرلەپ چىقىشقا كۇچۇم يەتكىچە.



"قولۇڭدىن كەلگىچە گۇل كەلتۇر" دىگەن،
شۇ ماقال مەدەتچىم تاكى ئولگىچە.

تىڭشىدىم زوقلىنىپ قىرغاقلىرىڭدا،
شوخ جۇشقۇن ھاياتنىڭ قوشاقلىرىنى.
جەننەتتەك باغلىرىڭ كەڭ ئاچتى خۇشخۇي،
ماڭا ئوز يارىمدەك قۇچاقلىرىنى.

شەرۋەتلەر قاينىمى گۇلزار باغلىرىڭ،
توز كەبى رەڭمۇ-رەڭ،
ئاھ قانداق پۇزۇر.
كوز ئېچىپ جاھاندا تېتىپ كورمىگەن،
ئۇ توكتى قەلبىمگە بىر دۇنيا ھوزۇر.

بۇ قانداق نېمىتىڭ، نۇردا تاۋلىنىپ
ياقۇت رەڭ يالتىراپ كۇلۇشۇپ كەتكەن؟!
ھە، بۇچۇ،
گوياكى مەرۋايىت كەبى
باراڭلار باغرىغا ئېسىلىپ كەتكەن؟!

بۇ نىمە، يا چىلگەڭ بولامدۇ شاختا،
ئېسىلىپ ھالقىدەك شاخلارغا قونغان؟!

بۇ نىمە، چىرايى ئالما يۈز قىزدەك،
لەتاپەت بابىدا ھۆسنىگە تولغان؟!

بۇ قانداق بايلىغىڭ، خۇددى سېھرىق ياغ،
مەي باغلاپ يېتىشكەن گوياكى قىيام.
پەمىچە ھەر بىرى چىنىگە قىياس،
ياپراقلار باغرىدا ئېلىشقان ئارام.

ھە، ئۇقتۇم،
بۇ سېنىڭ شەۋىتىڭ ئىكەن.
ئۈزۈم ھەم شاپتۇلا، ئەنجۈرۈ، ئانار.
مانا بۇ يۈرەككە خوپ داۋا ئىكەن،
شەۋىتى ھەسەلدەك گويا تىل يارار.

تەشەككۈر، ئەي بوستان، سېنى گۈللەتكەن
ئەمگەكچان خەلقىڭ پاراستىگە.
تەشەككۈر، ئېھتىرام سېنى كوكلەتكەن
قەھرىمان ئەجداتلار جاسارىتىگە.

تەشەككۈر، ئېھتىرام، ھۆرمىتىم دېگىز،
باغرىڭغا شولىلار چاچقان قۇياشقا.
تەشەككۈر، ئەي گۈلزار، سېنى تىنىمسىز،
ئېپ ماڭغان قۇدرەتكە، شانىغا ئوراشقا.



شۇ قۇتلۇق شان بىلەن گۈللەن يەنىمۇ،
گۈزەللىك نۇرلىرى ياغسۇن سېنىڭدىن.
قاناتلىق قوشىغىم ياڭرىسۇن مەغرۇر،
ئىشقىڭدا بىر نەپەس كەتمەي يېنىڭدىن.

1957 ـ يىل ئاۋغۇست، كىرىيە.

## نىمە سىر بار زادى بۇ ئىشتا

ئۆڭۈپ كەتكەن شۇ كوك چاپىنىم،
يارىشىدۇ خويما ئۆزۈمگە.
ۋۇجۇدۇمغا بېرىپ ھارارەت،
كورۇنىدۇ ئىسسىق كوزۇمگە.

ئۆزى ئاددى شۇ كوك چاپانىڭ،
ئەقلىم ھەيران، لەززىتى ئارتىپ؛
قىلىۋالدى قەلبىمنى ئەسىر،
ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ.

*

* *

ئايدىڭ ئىدى بىر ياز ئاخشىمى،
جانان بىلەن ئۇستەڭنى بويلاپ؛
بارار ئىدۇق مۇھەببەت ھىسسى
يۈرەكلەرنى قاپلىغان چولغاپ.

كوزلىرىمىز قادىلىپ بەزەن،
ئىشقى-مىھىر توكۇپ ئۇتەتتى.
غۇر-غۇر ئۇچقان ئىپەكتەك شامال،
مەڭزىمىزنى سويۇپ ئۇتەتتى.

لەۋلىرىمىز ئۇچراشتى بىر دەم،
مەجنۇن تالنىڭ تۈۋىدە توختاپ.
خىجىللىقتىن يوشۇرۇندى ئاي،
چۈمبەل سىلىپ يۈزىنى توراپ.

ئىككى يۈرەك كەتمىسۇن كويۇپ،
"سۇ سىپەيلى!" دىگەندەك ئاسمان.
ئۇنچە-مارجان پۇركىدى بىردىن،
يەر يۈزىگە شۇنچە تىز-چاققان.
چاپىنىمنى سالدىم-دە دەرھال
يارغا ياپتىم ئاۋايلاپ شۇ ئان.



شۇندىن بىرى شۇ ئاددى چاپان
بولۇپ كەتتى ماڭا سويۇملۇك.
ھوزۇر بىرەر گويا بىر جاھان،
قانچە كىيسەم شۇنچە كوڭۇللۇك.

ئاز كۇن ئوتۇپ، كەتتىم ئوقۇشقا،
يۇرتىمىزدا قالدى دىلدارىم.
بولدى يارىم كىيگەن شۇ چاپان،
نەچچە يىلدىن يۈرەك تۇمارىم.

گەر بۇ چاپان بولسىمۇ نىپىز،
ماڭا راھەت قەھرىتان قىشتا!
كىيسەم ئۇنى يالقۇنلىنىمەن،
نىمە سىر بار زادى بۇ ئىشتا؟

1957-يىل نويابىر، ئۇرۇمچى.

# نىمە ھىكمەت باردۇ كوزۇڭدە

كەلمەكتىمەن ئىشقىڭدا گۈزەل،
لاۋۇلدىغان يالقۇنغا چومۇپ.

ئۇزۇم ھەيران گاڭسىدۇر يۇرەك،
ئۇتۇن ئوخشاش پۇتمىدىم كويۇپ.

ئىشقىڭ يېڭىپ ئالغاندىن بېرى،
كېلىپ كەتتى يەنە بىر باھار.
ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى
قىلالمىدىم ئىزھار بىر قاتار.

سوئال تاشلاپ سورىما سەۋەپ،
سەۋەبىنى ئىزلە ئۇزۇڭدىن.
جۇرئىتىمنى يەڭگەن نەچچىلەپ،
سوراپ باققىن قارا كوزۇڭدىن.

كوزۇڭ ئۇچراپ قالسا كوزۇمگە،
بوشىشىپلا كېتىمەن ھالدىن.
گوياكى توك تېپىۋەتكەندەك،
قىلالمايمەن بىرمۇ سوز ئاندىن.

شۇنچە جۇرئەت قىلىپ باقسامۇ،
تىلىم پەقەت كەلمەس زۇۋانغا.
ئىشلىمىسە پەيتىدە كاج تىل،
ئازاپ ئىكەن بۇمۇ ۋىجدانغا.



بۇ قانداق ھال، ياكى سەن جىنىم،
تورەلگەنمۇ موجىزە بولۇپ!؟
ياكى بىرەر ھىكمەت، سىر بىلەن
سەپ قويامسەن تىلىمغا قۇلۇپ!؟

جاۋاپ بېرىپ باققىنا دىلدار،
نىمە سىر بار زادى ئۇزۇڭدە؟
مېنى قىلما ئوشۇقچە مالال،
نىمە كۇچ بار ئوتلۇق كوزۇڭدە؟

1957 ـ يىل دېكابىر، ئۇرۇمچى.

## ئاقماقتا دەريادەك بەخت قوشىغى

كۇتمەيمىز بەختنى باقى دۇنيادىن!
بەختىڭ جەننىتى ئاچماقتا قۇچاق.
ئەمگەكتىن كۇلمەكتە گۇل ـ گۇلىستانلار،
دەۋرىمىز زەپ ئىسىل شۇنچە خۇشپۇراق...

ئەمدى بىز قويمايمىز،
چوچۇپ، ئاھ چېكىپ،

بەختىمىز ھەققىدە تەشۋىشلىك سوراق.
بەخت ۋە ئامەتكە بولدۇق قوشكىزەك،
ياشايمىز دولەتمەن
غەم-دەرتتىن يىراق.

شۇڭلاشقا خوشاللىق ھىسسى پۇرۇخلاپ،
تاشماقتا يۈرەكتە كوكۇل شاتلىغى...
كۈيچى بىز ھەممىمىز، چوغدەك قەلبلەردىن
ئاقماقتا دەريادەك بەخت قوشىغى.

1958-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## گۈزەللىك توغرىسىدا

—كىم بەك گۈزەل دۇنيادا؟ كىم مۇقەددەس، شەرەپلىك؟
بىرسى ماڭا تۈيۇقسىز سوئال قويدى شۇنداق دەپ.
مەن زەڭ سېلىپ ئۇنىڭغا ئەجەپلەنمەي نەق قىلىپ،
قەلبىمدىكى سوز بىلەن جاۋاپ بەردىم مۇنداق دەپ:

—ئەڭ گۈزىلى، ئۇلۇغى، شان-شەرىپى تولۇغى—
ئەمگەك دىسە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئاتقانلار.



ئەڭ نومۇسسىز، ۋىجدانسىز، ئەڭ بەت-بەشىر بۇزۇغى—
ئەمگەك قىلماي، تەر توكمەي، نان يەپ ئوڭدا ياتقانلار.

1959-يىل نويابىر.

## ھەممە يەردە ئۈنىڭ تەرىپى

"ساۋۇت ئاغرىپ قالدى" دەپ ئاڭلاپ،
ئۇ قىلالماي قىلچىلىك تاقەت.
ياتىغىغا تېز قەدەم تاشلاپ
ئوقتەك ئۇچۇپ كىردى شۇ سائەت.

ئېغىر تىنىپ ياتقان شاگىرتنى،
قولتۇغىدىن تۇرغۇزدى يولەپ.
چىرايىغا تىكتى كوزىنى،
يوپۇرماقتەك لەۋلىرى تىترەپ:

—چىرايىڭىز ساغىرىپ قاپتۇ،
قەيىرىڭىز ئاغرىدى ئۇكام.
—سوغ تېگىپتۇ، قېلىن كىينمەي،
بولۇپ قالغان ئوخشايمەن زۇكام.

— ماغدۇرىڭىز بارمۇ مېڭىشقا،
يە كوتىرىپ ئەپ چىقايلىمۇ؟!
— ماڭالايمەن، ماڭماي نىمىشقا؟!
— ياكى دوختۇر چاقىرايلىمۇ؟!

— ئۇنچە ئەمەس، ئەھۋال مۇئەللىم،
ماڭغۇچىلىك مەندە بار دەرمان.
— ئۇنداق بولسا كىينىڭ ئاستا،
بىرىش كېرەك دوختۇرغا چاپسان...

مەدەت بىرىپ ئۇز ئاتىسىدەك،
قولتۇق يولەپ ماڭدى شۇ ئۇستاز.
ئۇركەشلىنىپ ساۋۇت قەلبىدە،
مۇھەببەت بوپ ئاقتى شۇ ئۇستاز.

يۇزلىرىگە يۇگرەپ قىزىل قان،
هاياجاندا ئاقتى ياشلىرى.
ئۇ ئويلىدى: مۇنداق مىھىردىن
ئىرىپ كېتەر سايىنىڭ تاشلىرى.

شىپا تېپىپ ساۋۇت بولەكچە،
شىپپىدىلا پەي كەبى يەڭگىپ.



ئوز ئەكسىگە كەلدى ئوچ كوندە،
رەڭگى-روھى گۇلدەك ئېچىلىپ.

كوز يۇممىدى شۇ كۇن كېچىچە،
غەمگۇزارى ئۇستازنى ئويلاپ.
دىدى: "ئەمدى ئەلاچى بولاي،
ئالغا باساي نىشانىنى بويلاپ."

ساۋۇت يازدى ئەتىسى تاڭدا،
ئۇستازىغا رەخمەت ئېيتىپ خەت:
"كېسىلىمگە بولدى چوڭ داۋا
سىزدىكى روھ، سىزدىكى شەپقەت."

*

* *

شۇ ئۇستازنىڭ خىسلىتى گۇزەل،
ئىسمى ئىمىن، لېكتوردۇر ئوزى.
ئۇنى ماختار ياش غۇنچە تاللار،
هەممە يەردە تەرىپى-سوزى.

1960 - يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى.

## دوستۇمغا

ئۆتكۈز دوستۇم هاياتىڭنى مەنىلىك، ساز،
لاي سۇ كەبى كەتسە يامان ئۇمرۇڭ ئېقىپ.
ياشلىغىڭدا چىن بەختىنىڭ كانىنى قاز،
"بولدى ئۆتسەم، — دېمە هەرگىز، — جاننى بېقىپ".

مامكاپ ئوخشاش ئىزسىز توزۇپ كەتمەك نومۇس،
هاياتلىقتا ها-هانىلا قىلىپ هەۋەس.
ئاقىانچىلىق كوچىسىغا خۇشتار بولۇش
ئۆتلۇق ياشلىق شەنى ئۈچۈن دۇرۇس ئەمەس.

گەر يولۇقسا قىيىنچىلىق، ئەگمىگىن باش،
دەۋرىمىزگە قەھرىمان بول ئىشتا تالماس.
قىيىنچىلىق بولسا گويا قىرلىق ئەينەك،
بولغىن ئۇنىڭ قارشىسىدا خۇددى ئالماس.

باهارىڭدا كوكلەپ مەزمۇت چىنار بولۇپ،
ئەمگەكچىلەر ۋۇجۇدىغا سالغىن سايە.



قالما ئەسلا رەزگى قاخشال دەرەخ بولۇپ،
ياش قەلبىڭدە ئۇركەشلىسۇن ئۇلۇغ غايە.

ئاي-يىللارنىڭ دۇلدۇلىغا سېلىپ يۈگەن،
دادىل بارغىن نۇر چېچىلغان پارلاق يولدىن.
"هەي، ئىست!" دەپ ساقال سىپاپ قېلىش يامان،
ياشلىق ئىزسىز قۇشتەك ئۇچۇپ كەتسە قولدىن.

لاچىنلاردەك ئورلە كوككە، ئۇچالايسەن،
پارتىيىنىڭ گەپلىرىگە سالساڭ قۇلاق.
ئەجرى قىلساڭ ئارزۇيىڭغا يېتەلەيسەن،
باتۇر ئۈچۈن مۇرات بېغى ئەمەس يىراق.

ئېچىلدۇرۇپ ئىسىل غۇنچە-گۈللىرىڭنى،
زىننەتلىگىن گۈزەل باهار-ياشلىغىڭنى.
گوهەر ئوخشاش چېچىپ ياشلىق نۇرلىرىڭنى،
ئاتا، دوستۇم، ۋەتەن ئۈچۈن بارلىغىڭنى!

1961-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

# ئۆز ئەجرىم بىلەن سۈرىمەن ئۆمۈر

بىراۋنىڭ ئەجرىدىن قىلمايمەن تاما،
ئۆز ئەمگەك تېرىمدە سۈرىمەن ئۆمۈر.
ئەمگەكسىز بەختنى كۆرمەيمەن راۋا،
ئىرادەم مۇستەھكەم تاۋلانغان تۆمۈر.

بىلمەيمەن، ۋىجدانىم قىلمايدۇ قوبۇل
بىراۋنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇشنى.
بىلمەيمەن، ھاياتتا ئىزدەپ ئاسان يول
بىراۋنىڭ رىسقىغا قاپقان قۇرۇشنى.

ئەقلىمگە سىغمايدۇ، دىمەيمەن دۇرۇس
ئەمگەككە ئالىيپ مۇزدەك قاراشنى.
ئالتۇندەك ياشلىقتا بىلمەيمەن نومۇس
لاغايلاپ ئەمگەكسىز بىركۈن ياشاشنى.

قۇياشتەك پاك ياشاش تىلىگىم مېنىڭ،
كۆرىمەن ئىگىزدە يېقىن-يىراقنى.



بىراۋنىڭ قولىدىن يۈرىگىم مېنىڭ
ئىزدىمەس شان-شەرەپ، ئابروي-ئاتاقنى.

ئەجىرسىز تەلەينىڭ ئۆمرى قىسقىدۇر،
ئۇنىڭدىن ئاخىرى كەلمەيدۇ ۋاپا.
ئەمگىكىم — راھىتىم،
نەپسىم رىسقىدۇر،
شۇ يولدا قانچىلىك چەكسەممۇ جاپا.

ئەمگەكسىز ئەخلەتتەك خار كۈن كۆرۈشتىن
كۆرىمەن تۈمەن مىڭ ئەلا ئۆلۈمنى.
تاپىمەن ھوزۇر، شان كوپ تەر تۆكۈشتىن،
ياشنىتىپ شۇ تەردە بەخت گۈلۈمنى.

بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەش يات ماڭا،
ئۆز ئەمگەك تېرىمدە سۈرىمەن ئۆمۈر.
ئەجىرسىز راھەتنى كۆرمەيمەن راۋا،
بۇ مېنىڭ ئەقىدەم-ئىگىلمەس تۆمۈر.

1962-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## گۈزەل غايە

قۇياش كۈلۈپ جىلۋىگەر قىزدەك،
ھەممە ياققا كۈمۈش نۇر يايغان.
نۇر قوينىدا يېشىل مەخمەلدەك،
دالا ـ قىرلار تاۋلىنىپ يانغان.

ئاھ، تەبىەت شۇنچىلىك گۈزەل،
تەلپۈنەتتى مىڭ خىل ناز بىلەن.
دالا بويلاپ ئاقاتتى دەريا
شاقىرىغان نەغمە ـ ساز بىلەن.

شۇ نەغمىنىڭ زوقىنى سۈرۈپ،
ئولتۇراتتىم دەريا بويىدا.
چاچلىرىمنى سىيپاپ ئۆتەتتى،
سەلكىن شامال تاراپ قولىدا.

سۈزۈك سۇدا پىلتىڭلىشاتتى،
شوخ بېلىقلار ئۈزۈشۈپ ھەر يان.



نەگە بارسا ئۈزىنىڭ ئەركى،
گاھ ـ گاھ شۇڭغۇپ قىلاتتى جەۋلان.

بېلىقلارنىڭ ئويناشلىرىنى
كۆرۈپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم.
يۈرىگىمدە ئاقتى بىر تۇيغۇ،
گۈزەل غايە، ئارزۇدا ياندىم:

گۇمران بولۇپ زۇلمەتنىڭ تۈنى،
پۈتۈن ئالەم نۇرغا چۆمۈلسە؛
بېلىقلاردەك ئەركىن يايرىشىپ،
ئىنسانىيەت ئوينىسا، كۈلسە؛

ھاسىل بولۇپ شۇندا مىرادىم،
قەلبىم كۈلۈپ كېتەتتى يايراپ،
ياڭرىتاتتىم خوشال ناخشامنى،
خۇددى بۇلبۇلگويادەك سايراپ.

1962 ـ يىل ئاۋغۇست، ئىلى.

# سەن مېنىڭ قەلبىمدە جاراڭلىغان ساز

ئەي! ئىلى كەلدىمەن گۈل قۇچىغىڭغا،
يىراقلاردىن سېنى سېغىنىپ ئەسلەپ.
تالاي يىل ئايرىلىپ كەتكىنىم بىلەن،
ئەمما مۇھەببىتىم قالمىغاچ پەسلەپ.

سەن ماڭا سۆيۈملۈك مۇقەددەس تۇپراق،
شەرۋەت سۇلىرىڭنى ئىچىپ ئۆسكەنمەن.
سېنىڭدە چوڭ بولۇپ، كۈچ، ئەقىل تېپىپ،
ھاياتلىق يولىغا سەندە كۆچكەنمەن.

ۋەتىنىم ھەققىدە گەر سۈرسەم خىيال،
بولسەن ئەڭ ئاۋال ئالدىمدا پەيدا.
چۈنكى گۈزەللىگىڭ، ساپ ئىشقىڭ بىلەن،
باللىق چېغىمدىن قىلغانتىڭ شەيدا.

سېنىڭدە چولغىنىپ تاڭ نۇرلىرىغا،
تۇنجى رەت قولۇمغا قەلەم ئالغانمەن.



خەلقىمنىڭ بەختىنى قېتىپ قوشاققا،
شېئرىيەت بېغىغا قەدەم باسقانمەن.

شۇڭلاشقا ئەي ئىلى گۈلزارىم-بېغىم،
شەنىڭگە مىڭ داستان يېزىۋەتسەم ئاز.
ئەي مېنىڭ گۈلشىنىم سۆيۈنگەن تېغىم،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە جاراڭلىغان ساز.

*

* *

مەن كۆرۈپ تاڭ قالدىم گۈل چىرايىڭنى،
تولۇپسەن پەرىدەك ھۆسنى-جامالغا.
كۆرەش دۇلدۇلىغا مىنىپ چېپىپسەن،
يەتمەكنى نىشانلاپ يۈكسەك كامالغا.

سېنىڭ تۇرخۇنلىرىڭ كۆكنى بويلاپتۇ،
سەن قىزىل سانائەت ئۇچىغى بوپسەن.
ياش غۇنچە تاللىرىڭ كۈلۈپ يايراپتۇ،
ئىلىم-پەن، سەنئەتنىڭ قۇچىغى بوپسەن.

باغرىڭنى قاپلىشىپ ئاق بۇلۇتلاردەك،
ماللىرىڭ سىغىشماي قاپتۇ تاغلارغا.
شۇڭلاشقا چوللىرىڭ ئايلىنىپ بوپتۇ،
ھاۋالىق، چىمەنزار يېڭى باغلارغا.

تېخى تۈنۈگۈنكى باياۋانلاردا،
مول ھوسۇل تاغلىرى قەد كوتۇرۇپتۇ.
سەن بوپسەن ھاياتنىڭ پاراۋان بېغى،
ئۇستۇڭگە بەختنىڭ نۇر توكۇلۇپتۇ.

شۇڭلاشقا ئەي ئېلى گۈلزارىم-بېغىم،
شەنىڭگە مىڭ داستان يېزىۋەتسەم ئاز.
ئەي مېنىڭ گۈلشىنىم، گۈزەل يايلىغىم،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە جاراڭلىغان ساز.

1962 - يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

## ساڭا ھەدىيە

يەرنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن سۇ ئاققۇزغان ئەجرىڭگە،
ئاپىرىن، دەپ، مەن سېنى قاتقىم كەلدى ناخشامغا.
ئەل ئىشىغا ئاتالغان ئوتلۇق ئىشقىڭ تەپتىدىن،
تولدى مېنىڭ يۈرىكىم بىر يالقۇنلۇق ئىلھامغا.

تونۇر ئوخشاش ۋادىنىڭ تەشناسىنى قاندۇرۇپ،
كۆلدۈرۈپسەن چوللەردە گۈل-گۈلۈستان باغلارنى.



باغۋەنلەردەك پەپىلەپ ھەر تال ئالتۇن باشاقنى،
مول ھوسۇلدىن تىكلەپسەن تىيانشاندەك تاغلارنى.

كارىزلارغا پاتماستىن ئۇركەشلىگەن ئۇلۇغ سۇ،
پىشانەڭدىن تامچىلاپ ئاققان كۆمۈش تەر ئىكەن.
شۇ تەر بىلەن كەڭ زېمىن كىمخاپ كوينەك كىيىپتۇ،
(ئەسلى قاقاس، جەزىرە، گىيا ئۈنمەس يەر ئىكەن.)

ساڭا يۈز مىڭ ئاپىرىن، جاننى پىدا قىلىپسەن،
توككەن تامچە تېرىڭدە كوزلەپ ۋەتەن بەختىنى.
كوردۇم سەندە نۇرانە كېلىچەكنىڭ ئىشقىدا،
كۆرمىڭلىغان دېخاننىڭ ئۇركەشلىگەن قەلبىنى.

قايىل بولدۇم ئەقلىڭگە، ئەي دەۋرىمىز پەرھادى،
يۈرىكىمدىن دولقۇنلاپ ئاقتى قايناق مەدھىيە.
چەكسىز ھورمەت-ئېھتىرام، مۇھەببەتلىك دىل بىلەن،
شۇ شېئىرىمنى تۇتىمەن قىلىپ ساڭا ھەدىيە.

1964 - يىل ئىيۇل، تۇرپان.

# قەلبىمگە مىسلىسىز يالقۇن تۇتاشتى

(تەبەت لىرىكىسى)

گۈزەل ياز چاغلىرى بولدۇم نەنسەندە،
شاقىراتما بويىدا قىلدىم سەيلىنى.
بۇ كوركەم تاغلارنىڭ ھوسنى ـ جامالى
يالقۇنلۇق قەلبىمنىڭ تارتتى مەيلىنى.

كۈمۈش پەردە كەبى شوخ شاقىراتما،
ئېگىز تاغ ئۈستىدىن چۈشەتتى سەكرەپ.
بويىدا ئولتۇردۇم، سەگىدى تېنىم،
ماڭا سۇ چاچقاندەك نەچچە چىلەكلەپ.

جىلغىلار بەئەينى گۈلزارلىق ئىدى،
گۈللەر ۋە سۇمبۇللار كەتكەن چېچەكلەپ.
چوغلۇقلار قىستۇرۇپ قۇلاقلىرىغا،
بولدۇرگەن تېرەتتى قىزلار ئىتەكلەپ.

كوپ ـ كوك قارىغاينىڭ شېخىغا قونۇپ،
قاناتلىق كۈيچىلەر ئوقۇيتتى غەزەل.



ياپ ـ يېشىل داللار ئۇينايتتى ئۇسۇل،
كىمخاپتىن تون كىيىپ، ياسىنىپ گۈزەل.

قاپتاللار ئۈستىدىن كېلىپ تۇراتتى،
پادىچى يىگىتنىڭ ناخشا ساداسى.
ناخشىغا جور بولۇپ مەيىن شامالار،
قىزىغان يايلاقنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى.

ئاجايىپ ساپ ئىدى، خۇشپۇراق ئىدى،
گوياكى ئىپاردەك تاغنىڭ ھاۋاسى.
يېقىملىق ساپ ھاۋا، گۈلشەن مەنزىرە،
چارچىغان تېنىمنىڭ بولدى داۋاسى.

نەنسەن تاغلىرىنىڭ بوستان جامالى
كۆڭلۈمنى ياشناتتى، زېھنىمنى ئاچتى.
بۇ ئانا تۇپراقتا چەكسىز مۇھەببەت،
ئۇلغىيىپ قەلبىمگە يالقۇن تۇتاشتى.

1964 ـ يىل ئاۋغۇست، نەنسەن.

## گۇللە بولىۇق

بولىۇق، سېنىڭ داڭقىڭنى ئاڭلىغانتىم كوپ قېتىم،
بىراق، دىدار كورۇشكە بولمىغانتى پۇرسىتىم.

سېنىڭ ئىسسىق قوينۇڭغا كەلدىم بۇگۇن كورگىلى،
كورۇپ گۇزەل ھوسنۇڭنى گىرە سېلىپ سويگىلى.

چىقىپ تىك تاغ ئۇستىگە مەن سەيلىنى باشلىدىم،
جامالىڭغا زوق بىلەن تويماي نەزەر تاشلىدىم.

سەندە كوردۇم گۇللەرگە تولغان ئىسىل بىھىشنى،
بىلمەي قالدىم شاتلىقتا ھەتتا نىمە دېيىشنى.

شۇنچە گۇزەل ئىكەنسەن توقۇپ قويغان كەشتىدەك،
ھەممە يېقىڭ چىرايلىق گوياكى گۇلدەستىدەك.

خۇددى يېشىل دېڭىزدەك تۇتاش كەتكەن تەكلىرىڭ،
مەخمەل تونغا پۇركەلگەن بىپايان ئېتەكلىرىڭ.



زۇمرەت ئاسمان تېگىدە جىلۋە قىلار باغلىرىڭ،
باغلىرىڭنى قورشىغان ئىككى ياندا تاغلىرىڭ.

ئاقىدىكەن ئۇستەڭلەر قۇچىغىڭدا شاقىراپ،
بۇلاقلىرىڭ چاپىدۇ ئېتىزلارغا ئالدىراپ.

ئارامبەخش شاملىڭ تىنمايدىكەن غىرىلداپ،
ئالما، ئورۇك، تەكلەرنىڭ قۇلىغىغا شىۋىرلاپ؛

باغۋەنىڭگە دەيدىكەن: "چاپ كەتمەننى، راسا چاپ،
يەلپۇپ قوياي يۇزۇڭنى، ئەمگىكىڭدە كامال تاپ!"

چۇنچىلىرىڭ بەئەينى ئوخشايدىكەن راۋاققا،
گۇلباغلىرىڭ لايىقكەن جەننەت دىگەن ئاتاققا.

ئەنجۇرۇڭنى يېگەنتىم تىللىرىمدىن بال ئاقتى،
قىزىل سايۋى ئۇزۇمۇڭ يۇرىگىمگە خوپ ياقتى.

تەڭ قىلمىدىم ھەسەلنى شاپتۇللىرىڭ تەمىگە،
قايىل قالدىم ئەمگەكچى دىخقىنىڭنىڭ پەمىگە.

باغۋەنىڭگە يۇرەكتىن ئاقتى ئالقىش-رەخمىتىم،
بارىكاللا! دىدىمەن غەيرىتىڭگە مىڭ قېتىم.

ئېلىنىپسەن تۇرپاننىڭ ئىپتىخارى-شانىغا،
ئېلىنىپسەن شەرۋەتلىك نەشپۈت، ئۈزۈم كانىغا.

گۈللە يەنە، ئەي بولىيۇق، شان-شەرىپىڭ ئۇلغايسۇن!
دوستۇڭ كۈلۈپ، دۈشمىنىڭ زەھەر يۇتۇپ تولغانسۇن.

گۈل جامالىڭ قەلبىمنىڭ دەپتىرىگە سىزىلدى،
ساڭا مۇشۇ غەزىلىم سوغا قىلىپ يېزىلدى.

1964 - يىل ئاۋغۇست، تۇرپان.

## ۋەتىنىمىز گۈلىستان
(ناخشا تېكىستى)

ۋەتىنىمىز گۈلىستان
بەخت نۇرى چېچىلغان.
ئالتۇن قۇياش نۇرىدا
رەڭمۇ-رەڭ گۈل ئېچىلغان.

رەڭدار گۈزەل گۈللىرى،
خەنزۇ، ئۇيغۇر ھەم قازاق،



موڭغۇل، زاڭزۇ ھەممىسى
قان-قېرىنداش ئۇم-ئىناق.

مەقسىدى بىر، ئويى بىر
مەڭگۈلۈككە قېتىلغان.
تەقدىرى بىر، قەلبى بىر
يۈرەك رىشتى چېتىلغان.

ۋەتىنىمىز گۈلىستان
بەخت نۇرى چېچىلغان.
باغۋەن بولغاچ پارتىيە،
رەڭمۇ-رەڭ گۈل ئېچىلغان.

1964 - يىل سېنتەبىر، تۇرپان.

## كومپارتىيىگە

جانىجان پارتىيە، باغلىغان ساڭا
بىز چوڭقۇر مۇھەببەت، ئوتلۇق ئىشتىياق.
ھورمىتىڭ-شەنىڭگە ئېھتىرام بىلەن
تىيانشان باغرىدىن ياڭراتتۇق قوشاق...

سەن قىلىپ بىزلەرنى مەڭگۈ بەختىيار،
غەلىبىدىن-غەلىبىگە ماڭدىڭ يېتەكلەپ.
سەن بىلەن نۇرلاندى بىپايان شىنجاڭ،
سەن بىلەن بەختىمىز كۈلدى چېچەكلەپ.

قەدىمدىن زۇلمەتتە مۇڭلانغان شىنجاڭ،
سەن بىلەن ياشنىدى گۈلچىراي ئېچىپ.
يارالدى كەشتىدەك گۈزەل مەنزىرە،
باھارنىڭ قۇياشى نۇرىنى چېچىپ.

جاڭگاللار ياساندى كىمخاپ تون بىلەن،
دەريالار ئۇركەشلەر چۆل-باياۋاندا.
ئاشلىقلار كانىغا ئايلىنىپ تارىم،
خامانلار تاقاشتى ئىگىز ئاسمانغا.

ئاچتۇق بىز قارامايى غەزىنىسىنى،
نېفىت بۇلاقلىرى تاشتى بۇلدۇقلاپ.
سانائەت گۈللىرى ئېچىلىپ ھەريان،
پولاتنىڭ دەرياسى ئاقتى دولقۇنلاپ.

ئۆتمۈشتە ياشايتتۇق ئاچ ھەم خارۇ-زار،
ئالالماي يىل بويى ئىشلەپ بىر ماتار.



توقۇيدۇ توپ-توپلاپ رەخت بۈگۈن شىنجاڭ،
كىيدۇق بىز ھەر خىل رەخت — سارجا ۋە تاۋار.

ئۆتمۈشتە تۆگىلەر قاتنىغان يولدا،
پويىزلار ئۇچماقتا بۈگۈن غاقىراپ.
ئويلىساق مۇشۇ زور تەرەققىياتنى،
ساڭا چىن سۆيگۈمىز ئاقار شاقىراپ.

سەن بولغاچ غەمگۈزار ئانىدىن چارى،
بۈگۈنكى ھور شىنجاڭ تاپماقتا كامال.
ئەمگەكتە، جەڭلەردە گۈزەل كەلگۈسى
بىز ئۈچۈن كۈنسېرى ئاچماقتا جامال.

سەن بىزگە يېتەكچى بولغاچ ھەرقاچان،
قۇرىمىز جەننەتتىن ئېسىل بىر جاھان.
زەپەرنىڭ تۇغىنى كۆتەردۇق ئىگىز،
توسالماس بىزلەرنى ھەرگىز تاغ-داۋان!

بىزگە تەڭ كېلەلمەس مەككار تەلۋىلەر،
چىقىمىز سەن بىلەن ھەممىنى يېڭىپ.
ھەر مىللەت ئۇيۇشتۇق ئەتراپىڭغا زىچ،
يىمىرىلمەس تاغ بولۇپ پولاتتەك چىڭىپ.

سەن بىزنىڭ كۆزىمىز، ۋىجدان، ئەقلىمىز،
قەلبىمىز سەن ئۈچۈن تەلپۈنەر ھامان!
پارتىيە مەڭگۈگە چىقماي يولۇڭدىن،
ئەگىشىپ ماڭىمىز ساڭا ھەرقاچان!

1966 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# تارىم

دولقۇنلاپ، كوۋەجەپ تارىم دەرياسى،
تەلپۈنۈپ شەرققە ئويناپ ئاقىسەن.
دولقۇنۇڭ ئۇركەشلەپ چاچىدۇ ئۈنچە،
شاتلىقتىن جاراڭلىق قوشاق قاتىسەن.

مەخمەلدەك چىرايلىق گۈلشەن ۋادىنىڭ
قەلبىگە كەۋسەردەك خويما ياقىسەن.
بېشىنى لىڭشىتىپ ئالتۇن باشاقلار
ئېھتىرام بىلدۈرسە كۈلۈپ باقىسەن.

ئەسىرلەر چاڭقىغان تەكلىماكاننىڭ
ئۈستىگە كىمخاپتىن تونلار ياپىسەن.



قۇملۇقلار ئايلانسا گۈلىستان باغقا،
ئارزۇيۇڭ ھەل بولۇپ مۇرات تاپىسەن.

بىز بۈگۈن باشلىغان يېڭى سەپەرنىڭ،
چارچىماس، ھېرىقماس تۇلپار ئېتىسەن!
سەن نۇرلۇق قۇياشقا تەلپۈنۈپ ئاققان،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھەببىتى سەن!

1976 ـ يىل نويابىر، ئاقسۇ.

# يەتمەكتىمىز ئارزۇ ـ تىلەككە

(ناخشا تېكىستى)

قىش زىمىستان قوغلىنىپ،
كەلدى نەۋ باھار.
يېشىل مەخمەل تون كەيدى
بۇ ئالتۇن دىيار.
قىر، ئېدىر، يايلاقلار
تولدى چېچەككە.
ئانا ۋەتەن ئايلاندى
گۈلزار ئېتەككە.

قۇچىغىدىن گۈپۈلدەپ
تارقىدى ئىپار.
بولدى سايراپ بۇلبۇللار
ئىشقىغا خۇمار.
بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى
ياقتى يۈرەككە.
يەتتى بىزنىڭ كۆڭۈللەر
ئارزۇ-تىلەككە.
تارىم، ئىلى بويلىرى
تولدى چېچەككە.
يەتمەكتىمىز شان قۇچۇپ
ئارزۇ-تىلەككە.

1977-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## دوستۇمغا جاۋاپ

ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن بىر دوستۇم كېلىپ،
بىر ھازا تىكىلدى، ماڭا زەڭ سېلىپ.
— نىمەشقا بېشىڭغا مۇددەتسىز قىرۇ
چۈشتى، — دەپ سورىدى تەئەججۇپلىنىپ.



مەن دېدىم ئۇنىڭغا:
— قەدىناس دوستۇم،
بۇنچىلىك ئىشلارغا بولمىغىن ھەيران.
بىر مەھەل ۋەتەننى قاپلىغان جۇدۇن،
كىملەرنى ئازاپلاپ قىلمىدى ۋەيران.

ئويلىسام بۇلارنى كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ،
قايناپدۇ قەلبىمنىڭ ئاچچىق ئوغىسى.
بۇ ماڭا ئون يىللىق* روھىي ئازاپنىڭ
كەلتۈرۈپ بەرگىنى — "ئىسىل سوغىسى".

1977-يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## باھار ناخشىسى

(ناخشا تېكىستى)

كېلىپ نورۇز ئېچىلدۇردى،
گۈزەل غۇنچە پورەكلەرنى.
دىماقنى خۇش ھىدى چولغاپ،
ياشارتتى دىل-يۈرەكلەرنى.

* "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان ئون يىل.

باھارنىڭ پەيزىدە يۇرتۇم
كۆلۈپ قىستى چېچەكلەرنى.
ياساندى ھور پەرىزاتــتەك
تاقاپ زەردىن بىزەكلەرنى.

كۆتەر بىزدىن ئانا تۇپراق،
ئۇلۇغ ئۇمىت ـ تىلەكلەرنى.
ۋەتەن ئارزۇسىغا شەيدا
بولۇپ تۇردۇق بىلەكلەرنى.

يېڭى مەنزىلــگە يول سالدۇق،
چېلىپ دۇتتار، غىنجەكــلەرنى.
چاقىرماقتا گۈزەل ئىقبال،
ئېچىپ بىزگە ئىتەكلەرنى.

1977 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمــچى.

# چىــنار

قەھرىتان كەلمەسكە كەتتى قاتــمۇ ـ قات قار ـ مۇز ئېرىپ،
يەر ـ زېمىننى گۈل ـ چېچەككە پۈركىدى ئىللىق باھار.



نەۋ باھاردا تاڭ قۇياشى نۇرلىرىغا پۈركــنىپ،
كۆن چىقىشتا قەد كوتەردى مىسلى كوركەم بىر چىنار.

ھوسنى كوركەم بۇ چىنارنىڭ يىلتىزى مەزمۇت، تېرەن،
كوكتىكى سەييارىدىنمۇ زور ئۇنىڭ كۈچ، سالمىغى.
قار ـ شۇۋرغاندا چىنىققان گەۋدىسى ھېچ تەۋرىمەس،
گۆكىرەپ سوقسا بوران، چاقسا پەلەكنىڭ چاقمىغى.

بىھساپ ئەجدات سۇغاردى ئۇنى ئىز قان ـ تەرىدە،
ھەم بېغىشلاندى ئاڭا جۇشقۇن ھاياتى، بارلىغى.
بۇ گۈزەل چىنارنى قەتئى قوغدىماق جەڭلەر ئارا،
بىھساپ مەرت قەھرىمانغا بولدى ۋىجدان يارلىغى.

بوك ـ باراقسان، قەددى ـ قامەتلىك چىنار ــ جۇڭخۇا ئېلىم،
قان ـ قېرىنداش بارچە مىللەت شۇ چىنارنىڭ ياپرىغى.
غولىدىن مەڭگۈگە ئايرىلماس شېخى، ياپراقلىرى،
ھېچقاچان مۇمكىن ئەمەس ئايرىلــسا روناق تاپمىغى.

بۇ چىنار غالىپ، دەخلىسىزدۇر، شۇڭا مۇمكىن ئەمەس،
سۇندۇرۇپ بىر تال شېخىنى يات بىراۋنىڭ ئالمىغى.
كۈنسېرى ئۇسمەكتە ئۇ ياشناپ قۇياشنىڭ نۇرىدا،
تارىخى چوڭ يۈزلىنىش مەڭگۈگە گۈللەپ بارمىغى!

1978 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# يايلاق بۇركۇتى

(داستان)

## مۇقەددىمە

قش كېتىپ، گۇزەل باهار پەسلى كېلىپ،
تولدى گۇللەر دېڭىزىغا هەممە ياق.
"شوهرىتى زور قەهرىمانىنى ئىزلىسەڭ،
سال نەزەر بۇگۇنكى بۇ دەۋرانىغا باق."

خۇددى تارىم دولقۇنىدەك تۇيغۇلار،
ئاقتى قەلبىمدە ئۇلۇغ ئوركەش ياساپ.
دەۋرىمىزنىڭ قەهرىمان شۇڭقارىغا،
زوق بىلەن يازدىم بۇگۇن داستان ئاتاپ.

## 1-باپ

### قار-شۇۋرغان دېڭىزىدا

قشلاقتىن كوكلەمگە دۇينىڭ ماللىرى،
گويا ئاق بۇلۇتتەك سۇرۇلۇپ ئاقار.



بىر قورو قوي هەيدەپ تېتىك بىر بوۋاي.
هەممىنىڭ ئالدىدا سەپ باشلاپ ماڭار.

بېشىغا ياراشقان قىرلىق مالخىيى،
بېلىنى پوتىدا مەهكەم باغلىغان.
كۇمۇشتەك يالتىرار قىسقا ساقىلى،
يېشى ئاتمىشلاردىن سەل-پەل هالقىغان.

قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدا كۇلۇپ،
چولپاندەك چاقنايدۇ قارا كوزلىرى.
تاڭ سەهەر غۇقىراپ ئۇچقان شامالدىن
ئانارەدەك قىزارغان ئۇنىڭ يۇزلىرى.

تۇيۇقسىز ئوزگەردى تۇتۇلۇپ هاۋا،
زېمىنىنى قاپلىدى قارامتۇل تۇمان.
گۇكىرەپ، چېقىراپ، هۇشتەكلەر چېلىپ،
قوزغالدى بىردىنلا شىددەتلىك بوران.

بورانىنىڭ يولىغا پاياندار سېلىپ،
توككىلى باشلىدى ئاسمان ئاق چېچەك.
يوتىلار، بەلدەملەر، قىرلار، ئىدىرلار
داكىدىن بېشىغا سېلىشتى لېچەك.

ئاق توپە دۇيىنىڭ ئۇن قورو مىلى
يامانساي ئاغزىدا قالدى قاپسلىپ.
يوللارغا راسلانغان يەم ـ خەشەك تۆگەپ،
زور تەھدىت باشلاندى ماللار ئاچ قىلىپ.

ھۆكىرەپ ئۇشقىيتىپ ئاچچىق شۇۋىرغان،
قىلاتتى بورىدەك ماللارغا ھۇجۇم.
بەختىكام ئويلايتتى: "قۇتقازماق كېرەك،
بۇ ئىغىر ئاپەتتىن ماللارنى چوقۇم".

"تۆگىشىپ كېتەمدۇ چارۋىلار نىمە؟"
دىيىشەتتى بەزىلەر ئۈمىتسىزلىنىپ.
چاچاتتى ۋەھىمە دەھشەتلىك جۇدۇن،
ئەھۋال ئەڭ خەتەرلىك ھالغا يۈزلىنىپ.

بەختىكام ئۈمىتنىڭ شامىنى يېقىپ،
تىكلىدى قوشۇندا ئىشەنچ روھىنى.
ماللارنى ئاپەتتىن ساقلاپ قېلىشقا،
قوزغىدى شىددەتلىك كۈرەش دولقۇنى.

دەيتتى ئۇ: "يالقۇنلۇق قەلبىمىز باركى،
باش ئېگەر بىزلەرگە شۇۋىرغان ـ شامال.



بىز چەكسىز يايلاقنىڭ قىران بۈركۈتى،
يېڭىمىز مۈشكۈلنى تاپىمىز كامال.

بىز تونى زامانى قىلماق يولىدا،
مەنزىلگە يول سالغان سەپەركارۋىنى.
شۇ شانلىق سەپەردە بولساق ئاۋانگارت،
قالىدۇ دىللارنىڭ نىمە ئارمىنى.

شۇڭلاشقا ماللارنى بۇزور جۇدۇندىن،
قۇتقۇزۇپ قالايلى قىلىپ بىر ئامال.
بەشتوپە باغرىغا يېتىپ ئالايلى،
بىزلەرنى شۇۋىرغان قىلالماس قامال".

جەسۇر بەختىكامنىڭ ھەر بىر سوزىدىن
مالچىلار غەيرەتكە كەلدى ئېھتىمال!
ـ ئاقساقال كورسەتكەن بۇ پىكىر دۇروست، ـ
دەپ شۇ ئان سوز قاتتى كوممونىست جامال:

"بۇنچىلىك جۇدۇنلار بىزگە نىمىدى،
بىزدىن يېڭىلىدۇ جىمىكى ئاپەت.
چۈنكى بار بىزلەردە شۇنچە مۇستەھكەم
پارتىيە، ۋەتەنگە كۈچلۈك سادىقەت.

قاينايدۇ دىللاردا ھەرتۇياق مالغا،
گوياكى دېڭىزدەك مېھرى-مۇھەببەت.
جۇدۇننى يەڭمەستىن ئالمايمىز ئارام،
چارۋىلار قىرىلسا قىلامدۇق تاقەت".

بەختىكام ئاتلاندى شىرلارنى باشلاپ،
چاپالىق كۈرەشكە، يېڭى زەپەرگە.
جاسارەت-غەيرەتتە ئېلان قىلدى جەڭ،
بۇ ئېغىر ئاپەتكە، خەۋپ-خەتەرگە.

كۈن سوغاق، ھۇۋلايدۇ ئىزغىرىن شامال،
گوياكى نەشتەردەك چاقىدۇ يۈزنى.
پۈرقىراپ ئۇچۇشقان قار قۇيۇنلىرى
ھەتتاكى ئاچقۇزماي قويىدۇ كوزنى.

مۇشكۇللەر قانچىلىك بولسىمۇ ئېغىر،
ئۇلاردا كۈچىيىپ بارار جاسارەت.
زەھەردەك چاقسىمۇ قەھرىتان سوغاق،
ياناتتى كوكسىدە ئوتلۇق ھارارەت.

بەختىكام قويلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ،
ماڭاتتى بەلگىچە قار كېچىپ، دەسسەپ.



سېزەتتى قەلبىدە ئالەمچە قۇدرەت،
ئۇزىنىڭ ھاياتى يولىنى ئەسلەپ.

ياچېيكا ھەيئىتى ئىدى بەختىكام،
بولمىدى بىر قەدەم ماللاردىن نېرى.
بىر يۇتۇم ئىسسىق چاي ئىچىپ باقمىدى،
چاپالىق جەڭ بىلەن توت كۈندىن بېرى.

داۋام قىلدى جەڭنى بەختىكام بىلەن،
مالچىلار پىترىغان قويلارنى يىغىپ؛
بەدەنلەر سوغاقتىن ئازاپلانسىمۇ،
چېكىنمەي بىر قەدەم ئارقىغا يېنىپ.

ئاسرىدى جان-دىلدىن ھەرتۇياق مالنى،
گوياكى كوزىنىڭ قارچۇغى بىلىپ.
كويەتتى ماللارغا بالىدىن چارى،
قەلبىدىن ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق بېرىپ.

*
* *

جاھاننى پۈركىدى ئالتۇندەك شەپەق،
توختاپ قار، شۇۋىرغان ئېچىلدى ھاۋا.
ئەينەكتەك چىمىرلاپ چاقاتتى كوزنى،
گويا ئاق چېچەككە پۈركەنگەن دالا.

بەختكام باش بولۇپ قارلارنى كۆرەپ،
ئاچاتتى ئوت-چۆپنى مالچىلار يەردىن.
گوياكى سماپتەك ئېرەر ئىدى قار،
ئۇلاردىن توكۇلگەن يالقۇنلۇق تەردىن.

باتۇرلار ئويغىنىپ چۇشكەندە ئىشقا،
تېخى كوز ئاچمايتتى ئۇيقۇدا چولپان.
سوغ شامال، جۇدۇنلار قالاتتى داغدا،
باتۇرلار قەلبىدە ياناتتى گۇلخان.

قار كۆرەپ ئېچىلغان ئوتلاقلار ئارا،
بېقىشتى ماللارنى پارچىلاپ بولۇپ.
ئويلايتتى مالچىلار "چەكسەكمۇ جاپا،
ئومۇمنىڭ چارۋىسى كەتمىسۇن ئولۇپ".

بىرتۇياق مالنىمۇ قىلمىدى زايا،
مالچىلار جاپا ۋە مۇشەققەت چېكىپ.
مەردانە قىياپەت، جاسارەت بىلەن،
بەشتوپە باغرىغا كېلىشتى يېتىپ.



## 2-باپ
## داۋان ئاشقاندا

مالچىلار ئالدىدا ئوتكەلنىڭ چوڭى
تۇراتتى ئاسمانغا تاقاشقان داۋان.
ئۇنىڭدىن ئوتمەكلىك بەك قىيىن ئىدى،
يوللىرى ئەمەستى تۈز، ئەپلىك راۋان.

داۋاندىن ئوتكۆزۈپ ئالسىلا مالنى،
كوكلەمنىڭ ئىشىگى ئاچاتتى قۇچاق.
مەنزىلگە يەتمەستىن توختامدۇ شىرلار،
مەيلى ئۇ قانچىلىك بولسىمۇ يىراق!

بەختكام كېڭىشىپ مالچىلار بىلەن،
ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى تېز-راۋان.
مالچى دوست-يارانلار ئىشەنچىسىدىن،
قەلبىدە ئۇركەشلەپ ئاقتى ھاياجان.

بەختكام ئۇز ئوغلى ئازاتنى ئېلىپ،
قويلارنى ھەيدىدى تۇتۇك داۋانغا.
قارىغاي-ئارچىلار بېرەتتى سالام،
چوققىغا يول ئالغان مەرت پەھلىۋانغا.

ماڭاتتى تىزىلىپ قويلار جەڭچىدەك،
تىك ئېگىز داۋاننىڭ چىغىر يولىدا.
بەختىكام قار كۆرەپ ئاچاتتى يولنى،
ئۆينىتىپ گۆرجەكنى ئىككى قولىدا.

مۈشكۈل ۋە جاپانى جەڭ بىلەن يېڭىپ،
ئەپ چىقتى ماللارنى داۋان ئۈستىگە.
بەختىكام ھاياجان ئىلكىگە چومدى،
شاتلىقنىڭ ئۇركىشى ئاقتى كوكسىگە.

"—ئوغلۇم چارچىدىڭمۇ؟" دېدى ئۇ كۈلۈپ،
غەيرەتلىك ئون بەش ياش ئوماق ئوغلىغا.
"ياق دادا"، دەپ ئازات بەرگەندە جاۋاپ،
چومۇلدى ئوغلىنىڭ مېھرى-زوقىغا.

دەل شۇ چاغ توساتتىن تۇتۇلۇپ ھاۋا،
چۈشكىلى باشلىدى قارلار لەپىلدەپ.
دەھشەتلىك شۇۋرغان شەپىسى كېلىپ،
قوزغالدى شىددەتلىك بوران گۈرۈلدەپ.

شۇۋرغان ئىچىدە بوران قۇشىدەك،
بەختىكام يول ئېچىپ ماڭاتتى ئالغا.



پاتسىمۇ قىلچىلىك قىلمايتتى پەسەن،
زەھەردەك سوغاقنىڭ نەشتىرى جانغا.

جۇدۇندا تۈگۈلۈپ تۇرامدۇ بۈركۈت،
ئېگەمدۇ بېشىنى مۈشكۈلگە شۇڭقار؟
مۇقەددەس بەيگىگە ئاتلانغان چاغدا،
داۋاندىن ھالقىماي تۇرامدۇ تۇلپار؟

ئازاتنى چاقىردى بەختىكام توۋلاپ:
"ئوغلۇم تېز ھەيدىگىن قويلارنى قايرىپ.
ھەيدىگىن تېز پەسكە، دۈينىڭ بىر قويى
قېلىپ قار ئاستىدا بولمىسۇن غايىپ.

شۇۋرغان كۈچىيىپ كەلمەكتە ئەنە،
تاغنى تەۋرەتكۈدەك پەيلى بەك يامان.
چاققان بول، جان ئوغلۇم ھەيدىگىن پەسكە،
ماللارنى قوغدايلى ئاپەتتىن چاققان!"

بۇ جۇشقۇن ساداغا قوشۇلدى ئاسمان،
بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلدى تاغلار.
بۇ ياڭراق خىتاپنى جان-دىلدىن قوللاپ،
چاۋاكلار چېلىشتى ئارچىزار باغلار.

مالنى تىك داۋاندىن چۈشۈرۈپ پەسكە،
تۈزلەڭنى نىشانلاپ ھەيدەيتتى بالا.
— سەنمۇ كەل چاپسانراق ماڭىلى بىللە،
ماللاردىن خاتىرجەم بول، — دەيتتى، — ئاتا.

پۇت-قولى ئۇيۇشۇپ قالغان بىر قوينى،
بەختىكام ماڭاتتى يەلكىگە ئېلىپ.
ئېگىزتاغ ئۈستىدە بوران قۇشىدەك
ئۈزەتتى شىۋىرغان، بوراننى يېرىپ.

شىۋىرغان چىقىراپ قىلاتتى ھۇجۇم،
جەسۇر بەختىكامنىڭ يولىنى توراپ.
تېيىلغاق بىر لەمپە ئۈستىدىن بىر چاغ
جىلغىنىڭ ئىچىگە كەتتى ئۇ غولاپ.

بوران گۈكىرەيدۇ ئورمانلار ئارا،
گويا چاڭ-توزاڭدەك پۇقىرايدۇ قار.
توۋلايدۇ قول سوزۇپ ئارچىلار، تاللار،
"قېنى سەن ئەزىزىم، ئەي باتۇر شۇڭقار!"

ماللار ئامان-ئېسەن چۈشتى داۋاندىن،
خەتەرلىك ئۆتكەلمۇ قالدى ئارقىدا.



بىراق توختىكامدىن يوق تېخى دېرەك،
بولامدۇ بىر تەدبىر كورمەي ۋاقتىدا؟

شىۋىرغان توختىدى ئېچىلدى ھاۋا،
شەپەقنىڭ نۇرىدىن رەڭ ئالدى تاغلار.
ماللار ئوتلىماقتا ئەركىن يايرىشىپ،
"بەختىكام قېنى" — دەر ئارچىزار باغلار.

يېقىن ئەتراپتىكى مالچىلار بىلەن،
ھەربى پونكىت ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ.
دەرھال يولغا سالدى تەشكىللەپ قوشۇن،
يۈرىكى سىنىپىي ھېسسىياتقا تولۇپ.

ئىزدىشىپ غەيرەتلىك شۇ پەھلىۋاننى،
جەڭچىلەر كوز سېلىپ ھەر يانغا چاپتى.
جىلغىنى تولدۇرغان قارلار دوۋىسى
ئىچىدىن ئاختۇرۇپ شۇڭقارنى تاپتى.

ياتاتتى بەختىكام كوزىنى يۇمۇپ،
قار بىلەن ئېلىشىپ ھۇشىدىن كەتكەن.
كىيىگەن كىيىمى، ئۈستى-باشلىرى،
گوياكى مۇز بولۇپ قېتىشىپ كەتكەن.

کوکرىگىنى ئېچىپ تىڭشىسا دوختۇر،
نەپىسى ئۇنىڭكى قالغان ئاستىلاپ.
جۇۋىسىنى سېلىپ ساۋۇتجان بەنجاڭ،
بەختىكام ئۇستىگە ياپتى ئاۋايلاپ.

ئاستا ياتقۇزۇلدى ھۇشىسىز بەختىكام،
قوڭۇرئات قوشۇلغان ئۇچقۇر چانىغا.
بارام بولۇشۇپ باتۇر جەڭچىلەر،
جىددى ئېلىپ كەتتى شىپاخانىغا!

## 3 ـ باپ
## سەرگۇزەشت

### 1

ئوكۇللار سېلىندى، دورا بېرىلدى،
ئويغاندى بەختىكام ھۇشىغا كېلىپ.
بېشىدا پەرۋانە دوختۇرغا قاراپ:
"ماللار تېچ ـ ئامانمۇ؟" دىدى كوز ئېچىپ.

"خاتىرجەم بولۇڭ سىز، ماللار تېچ ـ ئامان،
كوكلەمگە ئۇلاشتى داۋاندىن ھالقىپ".



بۇ سوزدىن بەختىكام شاتلىنىپ كەتتى،
قەلبىدە ھاياجان يۇلتۇزى بالقىپ.

دوختۇر، سېستىرالارنىڭ مېھرى سەل بولۇپ،
ئۇنىڭ تومۇرىغا غۇقىراپ ئاقتى.
بۇ يايلاق بۇركىتى مەرت پەھلىۋاننى
ئىسسىق چىراي بىلەن ئاسرىدى، باقتى.

### 2

دوختۇر، سېستىرالار بىر كۇنى كىرىپ
مۇڭداشتى بىر ھازا بەختىكام بىلەن.
"باش بارماق قولىڭىز يوققۇ بەختىكا؟"
دەپ سوئال تاشلىدى ياش دوختۇر چىمەن.

"باش بارماق قولۇممۇ"، ـــ دىدى ـ دە بوۋاي،
جىم بولدى دەقىقە بىر چوڭقۇر تىنىپ.
لەۋلىرى تىترىدى، بۇزۇلدى كوڭلى،
كوزىدىن مەڭزىگە چۈشتى ياش تېمىپ.

بوۋاي سوز باشلىدى جىددى تۇس بىلەن،
ئومۇر قىسسىسىنى ھىكايەت قىلىپ.

دىلىغا زۇلمەتنىڭ دېغىنى سالغان
يىرتقۇچلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:

—قولۇمنىڭ ئۈستىدە گەپ باشلىغاندا،
ئوتىدۇ ئالدىمدىن دەرت-ئەلەملىرىم.
ياپراقتەك تىترىتىپ يۈرەكلىرىمنى
جانلىنار سۈرەتتەك سەرگۈزەشتىلىرىم.

كوز ئېچىپ دۇنياغا ئېسىمنى ئۇقسام،
ئىكەنمىز يۇنۇس دەپ بىر بايغا چاكار.
بۇ مەلئۇن چايانىنىڭ زۇلمى دەستىدىن،
تولغىنىپ قاخشايتتى كەڭ يايلاق دىيار.

بار ئىدى ئۇنىڭكى ئون مىڭلاپ تۇياق،
قوي، كالا هەم توگە، يىلقا چارۋىسى.
بار ئىدى يېزىدا چەكسىز يەر-زىمىن،
پايانسىز سوزۇلغان بېغى-جاڭزىسى.

ئاغزىدا دىسمۇ شەپقەت ۋە مېهىر،
چۈشمەيتتى قولىدىن قانلىق قامچىسى.
كۈچۈگۈم ئال دىسە ئادەم يەيدىغان،
بار ئىدى مۇسا دەپ غالچا لالمىسى.



ئۇ ئادەم سىياقلىق قاباھەت ئىدى،
هىلە ۋە مىكىردە جادىگەر ئوزى.
بۇ مەككار ئەبلەخنىڭ قىزىل قان تېمىپ،
جاهاننى يۇتمەككە ياناتتى كوزى.

شورايتتى سۈلۈكتەك قانلىرىمىزنى،
بېشىمىز ئۈستىدە قامچا ئوينىتىپ.
قامچىلار زەربىدىن دىخان، مالچىلار،
مەڭگۇ كوز يۇماتتى ئاھ دەپ تولغىنىپ.

مالنى بىز ئاسرىساق، قاتارغا قوشساق،
كورمەيتتى ئاغزىمىز بىرەر توغرام گوش.
ئوتەتتى ئومرىمىز لاي سۇدەك ئېقىپ،
بولمايتتى كوڭلىمىز بىرەر قېتىم خوش.

هالۋىنى هېكىم يەيتتى،
تاياقنى يېتىم،
تەڭسىزلىك هوكۇمران ئىدى بۇ جايغا.
ئەرزىمىز ئاقمايتتى بىزنىڭ قىلچىلىك،
سۇ سايغا ئاقاتتى،
باي غوجام بايغا.

ئىسلاشقان مىڭ ياماق كىگىز ئۆيلەرنى،
دۈشكەللەپ ئۆتەتتى شىۋىرغان-بوران!
بىقسىغان قاپ-قارا تۈنىنىڭ ئىچىدە،
تولغىنىپ ياتاتتى پۈتۈن يەر-جاھان!

3

زۇلمەتلىك ئۈتمۈشنىڭ قانلىق قىسسىسى،
ھەممىنى ئۆزىگە قىلغان ئىدى رام.
دوختۇر، سېستىرالار ئاڭلىماقتا جىم،
بەختىكام سوزىنى قىلماقتا داۋام:

— ئىشلەيتتۇق ئاتام ۋە ئانام ئۈچىمىز،
يۇنۇس بەگ قولىدا كېچە-كۈندۈزى.
قىلچىلىك ئارام يوق "ئۇھ" دەپ تىنىغىدەك،
باقمايتتى بىزلەرگە بەخت يۇلتۇزى...

قوي، كالا باقاتتۇق دادام ئىككىمىز،
ئانام كىر يۇيۇپ، سىيىر ساغاتتى.
تاپقان-تەرگىنىمىز، قان-تەر، ئەجرىمىز،
يۇنۇس بەگ نەپسىگە سەلدەك ئاقاتتى.



سانىغانتى مالنى بىر كۈنى مۇسا،
قوتاندا بىر ساغلىق قالدى كەم چىقىپ.
يۇنۇسنىڭ ئۆيىگە چاپتى ئۇ دەرھال،
"بىر مال كەم، تەخسىر" دەپ ئەھۋالنى ئېيتىپ.

يۇنۇس بەگ چاقىرتىپ شۇ ئان دادامنى،
— ھەي ئوغرى گەپ قىل! — دەپ ھورپەيدى
تىللاپ.
كوزىگە قان تولۇپ غالجىر ئىت كەبى،
قەھرىلىك ئەلپازدا سورىدى قىستاپ.

— قەيەرگە يوقاتتىڭ مېنىڭ مېلىمنى،
ساتتىڭمۇ بىراۋغا كاززاپلىق قىلىپ.
قەيەردىن بولمىسۇن تاپسەن بۈگۈن،
تاپمىساڭ ئالىمەن تېرەڭنى شىلىپ.

— مەن ئوغرى ئەمەسمەن، قىلما ھاقارەت،
تېپىلماي قالغاندا بېرىمەن تولەپ.
— ئوغامنى قايناتماي مېلىمنى ئۇندۇر،
سېنىڭدەك گادايغا نىمە يوغان گەپ!...

يۇنۇس بەگ قولىغا سىم قامچا ئېلىپ،
چەكچەيتتى كوزىنى، بۇرتىنى تولغاپ.
ئورنىدىن قوزغىلىپ دىۋەيلەپ كېلىپ،
"مالنى تاپ، ماڭ" دىدى دادامنى قوغلاپ،

ئاچ قوساق، هارغاندا ساغلىقنى ئىزدەپ،
راۋان بولدى دادام بۇلۇتلۇق تاققا.
غەم-قايغۇ، هەسرەتتە ئانام ئىككىمىز
تەلمۇرۇپ قالدۇق ئۇ يول ئالغان ياققا.

شۇ كۇنى كېچىسى كەلمىدى دادام،
ئەنسىرەپ تۈن بويى كىرپىك قاقمىدۇق.
بىر يۇتۇم ئىسسىق چاي ئوتمىدى گالدىن،
مىسكىن كەپىمىزگە ئوتمۇ ياقمىدۇق.

ئەتىسى سەھەردە تەلمۇرۇپ يولغا،
تۇراتتۇق دادامنى كېلىپ قالار دەپ.
كەپىگە بىر چاغدا كەلدى شۇم خەۋەر:
"روزاخۇن جىلغىدا ئۇزۇپتۇ جان" دەپ.

نادامەت-هەسرەتتە ئانام ئىككىمىز،
ئاققان جۇپ يۇلتۇزدەك ئۇچتۇق جىلغىغا.



قارىساق بىر يەردە يېتىپتۇ دادام،
كېتىپتۇ مەڭگۇلۇك قاتتىق ئۇيقىغا...

چىرايىدا قان يوق، كوكىرىپ كەتكەن،
مۇشتۇمى پولاتتەك تۇگۇلۇپ كەتكەن.
چىشلىرى غەزەپلىك كىرىشىپ كەتكەن،
چىكە قان تومۇرى ئۇزۇلۇپ كەتكەن...

ئانام زار يىغلىدى ئوزىنى ئېتىپ،
سويۇملۇك دادامنى باغرىغا بېسىپ.
"جان دادا، جان دادا، كوزۇڭنى ئاچ" دەپ،
توۋلىدىم بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئېلىپ.

بىر چاغدا شۇ جايغا—ئەتراپىمىزغا
كەمبەغەل مالچىلار ياغدى هەر ياندىن.
يۇنۇس بەگ چايانغا ئاقتى زور غەزەپ
پاجىە سورۇنى—ئاشۇ مەيداندىن:

"بىر قوتۇر ساغلىق قوي ئارتۇقمۇ جاندىن،
بىز شۇنچە خار-خەسمۇ هەتتاكى مالدىن.
خەپ زالىم، چايانلار، سەنلەرنى باسار
كەلكۇنلەر ياسىلىپ ئاخىر بىر كۇنى
بىگۇنا توكۇلگەن ياش بىلەن قاندىن!"

ئەسلىدە بۇ ساغلىق ــ قاپتال ئۈستىدە،
پادىدىن ئايرىلىپ قېپقالغان ئىكەن.
خۇش پۇراق چېچەكلىك ئوتلارنى تېپىپ
ئىگىز تاغ ئۈستىدە يايلىغان ئىكەن.

چۇشەلمەي ئۇ ساغلىق تىك قىيا تاشتىن،
تۇرۇپتۇ ھەر يانغا قاراپ تەلمۈرۈپ.
قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان چاغدا،
خوشال بوپتۇ دادام ساغلىقنى كورۇپ.

يامىشىپ ئىگىز، تىك تاغنىڭ ئۈستىگە
مىڭ ئۇلۇپ، تىرىلىپ ئاران چىقىپتۇ.
ساغلىقنى كوتىرىپ ماڭغاندا پەسكە،
قىيادىن جىلغىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قەلبىمىز تىلىندى دەرتتە ـ پىغاندا،
سۇندى قانىتىمىز، سۇندى قايرىلىپ.
غېرىپ كەپىمىزنىڭ ئوچتى چىرىغى،
مېھرىۋان دادامدىن قالدۇق ئايرىلىپ.

نالىمىز تىترەتتى ئاسمان ـ زېمىننى،
يۈرەكنى تىلغىدى ئېغىر مۇسىبەت.



باشلاردا چوگىلەپ زۇلمەت تۈگمىنى،
قوشۇلدى يەنىمۇ دەرت ئۈستىگە دەرت...

ئاخىرى دادامنى يەرلىككە قويدۇق،
جۇدالىق ئوتىدا ئورتىنىپ قاخشاپ.
قايغۇ ۋە ئەلەملەر دەستىدە يىغلاپ،
قالدى ئانام گويا سوڭەككە ئوخشاپ.

**4**

قانلىق سەرگۈزەشتىنى ئاڭلىغانسېرى،
كوڭۇللەر بولماقتا قاتتىق بىارام.
ۋاراقلاپ تارىخنىڭ ھەر بىر بېتىنى،
بەختىكام سوزلەشنى قىلماقتا داۋام:

ــ كەتكىلى تەمشەلسەك ياقا يۇرتلارغا،
قويمىدى يۇنۇس بەگ بىزگە گۈكىرەپ:
ــ قېنى كەتكىنىڭنى كورەيچۇ، ــ دىدى، ــ
روزىنىڭ قەرزىنى بولماستىن تولەپ.

ئۇن يىلچە ئىشلىدۇق يەنە شۇ بايغا،
بىراق تىل ـ تاياقتىن بولمىدۇق يىراق.

بىر كۈنى ئانامنى قامچىلىدى باي،
"يېغىمنى ئوغرىلاپ ياقتىڭ" دەپ چىراق.

ئاھ ئۇرۇپ جان ئانام قىلغاندا نالە،
ئۆرلىدى غەزىۋىم ئوت بولۇپ يېنىپ.
يۇنۇس بەگ بېشىغا سالدىم مۇشت بىلەن،
پۇلاڭلاپ چۈشتى ئۇ يەرگە گۈپ قىلىپ.

تووۋلىدى: "مۇسا" دەپ غالچىسىنى ئۇ،
غالجىر ئىت يۈگۈرۈپ كەلدى ئېتىلىپ.
قولۇمنى باغلىشىپ ئالدى لالملار،
ھەر ياقتىن كېلىشىپ ماڭا يېپىلىپ.

شۇ چاغدا يۇنۇس بەگ "مۇشت ئاتقان قولۇڭ
شۇمۇ؟!" دەپ چەكچىيىپ سوراق باشلىدى.
باش بارماق قولۇمنى قىڭراقتا كېسىپ،
چوجىنىڭ بېشىدەك ئۈزۈپ تاشلىدى.

نەچچە كۈن نەزەربەنت قىلغاندىن كېيىن،
"ئوغرى" دەپ مېنى ئۇ ئاتقا سۆرىتىپ.
سازايى قىلدۇردى يايلاقلار ئارا،
ئۆزىچە كۈچىنى ئەلگە كۆرسىتىپ.



يول بويى سۆرىلىپ، نەچچە يىقىلىپ،
قوللىرىم ئارقاندا كەتتى قىيىلىپ.
مىڭ پارە بولغاندەك ئۇستىخانلىرىم،
سىقىراپ ئېچىشتى ئەزىز جانلىرىم.

ئازاپلاش، قىيناشقا تۇگەپ كەتمىدىم،
تومۇردىن چىڭ ئىكەن يوقسۇلنىڭ جېنى.
ئويلايتتىم ئىچىمدە چوغ بولۇپ يېنىپ،
بىزگىمۇ كۈن تۇغار ئاخىر بىر كۈنى!

5

بەختىكام بوۋاينىڭ سەرگۈزەشتىلىرى
ھەممىگە بەش قولدەك بولماقتا ئايان.
ھاياجان ئىلكىدە كوزلىرىدە ياش،
ئومۇر قىسسىسىنى قىلماقتا بايان:

— چىرايىم زەپىران، كوزلىرىم خىرە،
جېنىم ھەلقۇمىغا يېتىپ قالغاندا؛
سوراقلار، قىيناشلار كەتكۈزۈپ ھالدىن،
ئەجەلنىڭ چاڭگىلى تىرناق سالغاندا؛

گۈلدۈرلەپ باھارنىڭ گۈلدۈرمامىسى،
شەرقتىن قوزغالدى شىددەتلىك بوران!
پارە-پارە بولۇپ تارقىلىپ كەتتى،
ئاسماننى قاپلىغان قاپ-قارا تۇمان.

پارتىيە قۇياشتەك نۇرنى چېچىپ،
تىيانشان، تارىمغا نۇر ئېلىپ كەلدى.
ئۈچ تاغنى غۇلاتقان پەھلىۋان شىرلار
يەنئەندىن قىپ-قىزىل گۈل ئېلىپ كەلدى.

ئەسىرلەر سارغىيىپ مۇكچىيىپ قالغان
باغلارنى ياشناتتى ئىللىق گۈلباھار.
تۈگمەس ھاياجان ئىلكىگە چۈمدۈق،
دىللارنى قاپلىدى شاتلىق، ئىپتىخار...

زۇلمەتنىڭ كۈللىرى سورۇلدى كوككە،
گۇم بولدى ئۆرتىنىپ قانلىق تاجۇ-تەخت.
جەڭگىۋار كۈرەشنىڭ يالقۇنلىرىدا،
ئېزىلگەن يوقسۇللار كوتەردۇق بىز قەت.

سويۇملۇك پارتىيە ئالدى قوينىغا،
قىزىل سەپ ئىچىگە مەنمۇ قوشۇلدۇم.



ھاياتىم مەزمۇنى ئاچتى يېڭى بەت،
جەڭگىۋار ئوغلان بوپ قايتا تۇغۇلدۇم.

پارتىيە تەلىمى يورۇتتى دىلنى،
چۈشەندىم ھاياتنىڭ مەنىسىنى مەن.
ئاتىدىم ئۆزەمنى مىليونلار بىلەن،
ئۇلۇغۋار كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە مەن.

ئالتۇننى سۇغۇرۇپ تاۋلايدۇ زەرگەر،
بىلگەچكە ئۇنىڭكى قىممەت-قەدرىنى.
ئۆزگەرتتىم نەسىللىك ئالا سىيىرگە،
تىرىشىپ ئۈچ قورو سىيىر نەسلىنى.

پارتىيە تاپشۇرغان ھەر تۇياق مالنى
ئاسرىدىم جېنىمدىن ئەتىۋا بىلىپ.
قۇتقازدىم ماللارنى كوپچىلىك بىلەن،
نى ئېغىر ئاپەت ۋە جۇدۇننى يېڭىپ.

"ئۈلگىلىك مالچى" دەپ بەردى شان-شەرەپ،
پارتىيە مېنى زور ئىلھاملاندۇرۇپ.
يەنىمۇ ئۇرلەشكە كورسەتتى نىشان،
ئەجرىدە، مېھرىدە قاناتلاندۇرۇپ.

ئەپسۇسكى، شۇم نيەت "4 كىشىلىك گۇرۇھ"،
چاپلىدى ئۇستۇمگە قاتمۇ-قات بوھتان.
مېنى "مال بېقىشنىڭ قارا ئۇلگىسى"
دەپ پېپەن قىلىشقا چۇشۇردى پەرمان.

خەلققە ئاز-تولا قىلغان خىزمىتىم
ئۇلارنىڭ ئاغزىدا بولدى جىنايەت.
ھە دىسە "پېپەن" دەپ كالتەكلەپ مېنى،
ئۆزىنىڭ يولىغا قىلدى دالالەت.

ئويلىدىم شۇ چاغدا: يۇنۇس بەگ بىلەن
"4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ نىمە پەرقى بار؟
ئويلىدىم: ئوخشاشلا ئەزدى خەلقنى،
بويىندا تۇگمەس قانلىق قەرزى بار.

ياڭرىدى ئوكتەبىر گۇلدۇرمامىسى،
بۇلۇتلار كوكسىدە چاقماقلار چېقىپ.
قوغلاندى ۋەتەننىڭ ئۇستىدىن تۇمان،
ھەقىقەت قۇياشى نۇرىنى چېچىپ.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ"نى گۇمران ئەيلىدى،
يېتەكلەپ بىزلەرنى چوۋەر پارتىيە.



ئىقبالىغا يۇزلەندى ۋەتەن تەقدىرى،
چاقنىدى نۇرانە شانلىق ئەنئەنە.

بۇ ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ ئىلھامى بىلەن،
ئاتلاندىم يېڭىچە جەڭگە-چېلىشقا؛
نەپەسىم قالغىچە ئېشىپ تاغ-داۋان،
ۋەتەنگە زور توھپە تەقدىم قىلىشقا.

پارتىيە مېھرىگە سېلىشتۇرغاندا،
كورسەتكەن خىزمىتىم، توھپەم بەكمۇ ئاز.
توتنى تېز زامانى قىلماق يولىدا،
غەيرەتنى ئۇرغۇتۇپ قىلىمەن پەرۋاز!...

بۇ قەيسەر بوۋاينىڭ كەچمىشلىرىدىن
دوختۇر، سېستىرالار ئالدى تەربىيە.
توكتۇردى چىمەننىڭ كوزىدىن شەبنەم،
ئەجداتلار قىسسىسى، شانلىق ئەنئەنە.

قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئوتكەنلىكىنى
ھېچ كىشى سەزمىدى قىزغىن سوھبەتتە.
بەختىكام ئەسلىدى كۇرەش يولىنى،
ئوتمۇشنى ئۇنتۇشقا بولماس ئەلۋەتتە!

## 4 - باپ

## ئۇزىتىش

دوقاللار، جۇدۇنلار كەتتى خوشلىشىپ،
كەلدى نەۋ باھارنىڭ ئىللىق چاغلىرى.
داللار ئۈستىگە يېپىندى گىلەم،
تولدى گۈل - چېچەككە ۋەتەن باغلىرى.

بەختىكام ساقايدى دوختۇرخانىدا،
كەلدى ئۇ ئەسلىگە، تاپتى تېز داۋا.
دېدى ئۇ "ساقايدىم، بولماس مەن ئۈچۈن
بىر كۈنمۇ ئارتۇقچە ياتماقلىق راۋا!"

ھەممىلا دوختۇرغا دېدى بەختىكام:
"قايتىشقا ئىجازەت بېرىڭلار ماڭا.
يايلاققا تېز قايتىپ يۈزدە - يۈز قىلاي،
پارتىيە تاپشۇرغان بۇرچۇمنى ئادا!"

رەھبەرلىك قوشۇلدى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ،
پىشقەدەم مالچىنىڭ ئىلتىماسىغا.
چۈشەندى دوختۇرلار ھاياجان بىلەن،
بۇ قىران بۈركۈتنىڭ مۇددىئاسىغا.



دادۇيدىن جامالمۇ ئېلىپ كەلدى ئات،
بوۋاينى دوختۇردىن ئېلىپ كەتكىلى.
بەختىكام سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ،
راسلاندى يايلاققا مېڭىپ كەتكىلى.

دوختۇرلار بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ،
دەم ئۆتمەي يىغىلدى سەيناغا بىردەك.
بىر - بىرلەپ خوشلاشتى بەختىكام بىلەن،
بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى تىلەك.

"باللىرىم، — دەيتتى ئۇ، — داۋالىدىڭلار
ۋە ياخشى كۈتتۈڭلار، سىلەرگە رەخمەت.
سىلەر ئۇلغايتتىڭلار پارتىيە ئۈچۈن
قەلبىمدە يەنىمۇ مېھرى - مۇھەببەت."

ئەنە قانچىلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش،
ئايرىلىش پىراقى ئوت بولۇپ كۆيدى.
قارىسى يۈتكىچە قول پۇلاڭلىتىپ،
دوختۇرلار بوۋاينى ئۇزىتىپ قويدى.

خوشلىشىپ بەختىكام چىقتى دوختۇردىن،
يول ئالدى باشقىدىن يەنە يايلاققا.

ئۇخشايتتى بوۋاينىڭ قەھرىمانلىغى
بۇلۇتنى پارچىلاپ يانغان چاقماققا.

ئۇ چاپتى تۇلپاردا شاتلىق ئىلكىدە،
ئالدىدا ياپ-يېشىل يايلاق ئېتىگى.
قاپتاللار ئۈستىدە ئېچىلىپ كەتكەن
خىلمۇ-خىل گۈللەرنىڭ خۇشبۇي چىچىگى...

گوياكى شىشىدەك سۈپ-سۈزۈك ئاسمان،
ئۇپۇقنى قاپلىغان تاڭنىڭ نۇرلىرى.
گوياكى غۇنچىدەك ھوسنىگە تولغان،
بىپايان يوتىلار، جىلغا بويلىرى.

سايرايدۇ باھارنىڭ پەيزىدە بۇلبۇل،
گۈللەرگە كومۇلگەن تۇتاش ھەممە جاي.
ئاقىدۇ كوۋەجەپ جىرالاردا سۇ
كۈمۈش دولقۇنلاردىن كورستىپ چىراي.

چاچىدۇ ھەر يانغا يېپەكتەك شامال
مىڭ ياڭزا گۈللەرنىڭ پۇراقلىرىنى.
قاپلىغان بۇلۇتتەك ماللار پادىسى
بىپايان يايلاقنىڭ قۇچاقلىرىنى.



تۇرىدۇ تاۋلىنىپ، بېشىنى سوزۇپ،
بۇلۇتقا تاقاشقان قامەتلىك تاغلار.
بەختىكام قەلبىنى قىلماقتا مەپتۇن
چوغلۇقلار ئېچىلغان، ياشنىغان باغلار.

چوغلۇقلار ئىچىدە خۇشخۇي سايرىشىپ،
تورغايلار، كاككۇكلار قىلىدۇ خەندە.
كەڭ يايلاق گوياكى سەنئەت سەھنىسى،
ياڭرايدۇ ھەر ياندىن ناخشا ھەم نەغمە.

شۇ نەغمە ئۈنىدىن ئىلھامغا چومۇپ،
بەختىكام پۇكمەكتە كوڭلىگە پىلان.
ئاڭا مال-ۋارانلار تاققا سىغمىغان
نۇرانە كېلىچەك بولماقتا ئايان.

ئويلايتتى: "ئەي قىلسام بۇ يىلقى تولنى،
ئۇچراتماي خەتەرگە، ئاغرىق-سىلاققا!"
ئېشەنچ ئاسمىنىدا تەپەككۇر قۇشى
ئۇچاتتى تىنىمسىز يېقىن-يىراققا.

### خاتىمە

قۇياش نۇر چاچماقتا يېقىملىق كۈلۈپ،
گوياكى كىمخاپتەك تاۋلىنار ئاسمان.
شۇ قۇياش نۇرىغا مەغرۇر تەلپۈنۈپ،
بەختىكام ئۈزمەكتە جەك ئارا ھەريان.

ئەنە ئۇ تۇرماقتا ماللار يامرىغان،
ئىگىز تاغ ئۈستىدە بۇلۇتنى تىرەپ!
چارۋىدىن تېخىمۇ ئېلىپ مول ھوسۇل،
قوشماقتا ۋەتەنگە توھپە، شان-شەرەپ!

1976 - يىلى ئۈرۈمچىدە يېزىلدى،
1978 - يىل مايدا قايتا ئۆزگەرتىلدى.

## ئورلە ھامان

نەۋ باھار كەلگەندە خۇشخۇي تەلپۈنۈپ،
زەر قۇياشنىڭ نۇرىغا چومگەن قۇمۇل.



مەرھابا! دەپ تاڭنى ئالقىشلاپ خوشال،
چىن يۈرەكتىن زوق بىلەن سويگەن قۇمۇل.

قۇتۇلۇپ زۇلمەت تۈنىدىن ئاقىۋەت،
تاڭ بىلەن خەندان ئۇرۇپ كۈلگەن قۇمۇل.
قەد كوتەرگەن پەھلىۋانلار ئەجرىدىن،
باغرىدىن قۇم بارخىنى كوچكەن قۇمۇل.

بورىلەر ھۇۋ-ھۇۋلىغان سايلىقلىرى
ئورنىغا زاۋۇت، بىنا چۈشكەن قۇمۇل.
مىڭ تۇمەن چولپان يېنىپ گۈل باغرىدا،
جىن چىراقلار مەڭگۈگە ئۆچكەن قۇمۇل.

قۇچىغىدىن يۈكسىلىشكە ساز چېلىپ،
پۈشقۇرۇپ ئوت ھارۋىلار ئۆتكەن قۇمۇل،
قەۋرىزارغا يېپ-يېڭى شەھەر سېلىپ،
غەلىبىلەر داستانىنى پۈتكەن قۇمۇل.

بىپايان يايلاقلىرى گويا گىلەم،
ئۇلغىيىپ مال چارۋىسى ئۆسكەن قۇمۇل.
ھور ۋەتەننىڭ سېڭىغا مىڭ تونىلاپ،
قىپ-قىزىل گوھىرىنى توككەن قۇمۇل.

قۇتىرىغاندا بىر مەھەل توت جادىگەر،
ئىنتىقامىنى قەلبىگە پۈككەن قۇمۇل.
سۈن ۋۇكۇڭ قىلغاندا گۇم ئالۋاستىنى،
زور خوشاللىق قوينىغا چوككەن قۇمۇل.

يايرىغىن يېڭى باھارنىڭ پەيزىدە،
بەيگىدە ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆزگەن قۇمۇل.
توت ئۇلۇغۋار چوققىغا ئورلە ھامان
يېڭى جەڭگە قايتا يەڭ تۈرگەن قۇمۇل.

1978 ـ يىل ئاۋغۇست، قۇمۇل.

## قەيسەر جەڭچى ئوغلانمەن

تالاي جەڭلەردە تاۋلانغان خەلق پەرزەنتى — پالۋانمەن،
ئەزىز تۇپراقنى قوغداشتا پولاتتىن مىختا قالقانمەن.

گۈزەل دەۋرىم قۇياشىدىن يورۇپ قەلبى چېچەك ئاتقان،
كۈرەشتە ئارقىغا قايتماس پولاتتەك جەڭچى، مەردانمەن.

بورانلار قوينىدا ئۆستۈم بولۇپ تالماس قىزىل شۇڭقار،
غۇرۇرلۇق ئىلكىدە قىلدىم ئېگىز ئاسماندا جەۋلانمەن.



بېرىپ ئۆز مېھرىدىن بەھرى مېنى ئاسراپ يېتىشتۈرگەن
ۋەتەن، خەلقىم گويا مەشئەل، ئاڭا شەيدائى پەرۋانمەن.

بۆلۈتتىن ھالقىغان يۈكسەك ئېگىز مۇز تاغدا تۇرسامۇ،
ۋەتەن ئىشقىدا قەلبىمدە يانار ئوت، مىسلى گۈلخانمەن.

مەگەر كىم توت زىيانداشتەك ۋەتەن خەلق بىرلە زىتلاشسا،
تېگەرمەن بېشىغا شۇ دەم بولۇپ مىڭ تونىنا بازغانمەن.

ئۇلۇغ كومپارتىيە ھەر چاغ ئېلىمنىڭ يۈرىگى، جانى،
ئۇنى چىڭ قوغدىماق بەختىم، بولۇپ ھەر جايدا قورغانمەن.

ۋۇجۇدۇمنى بەخش ئەتتىم گۈزەل كىمخاپ دىيارىمغا،
قۇچۇپ غەلىبە كۈرەشلەردە يازارمەن يېڭى داستانمەن!

1979 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

# ياش غۇنچىلارغا

(سېكىل)

## يازاي سىزگە ياققۇدەك

شاكچىكلەر ئوقۇدۇم،
ماڭا ھەزىل يېزىپسىز.
پارلاق ئارزۇ-تىلەكتىن
ئۈنچە-مارجان تىزىپسىز.

"بىر ئوتلۇق قوشاق يوقمۇ؟"
دەپ مېنىڭدىن سوراپسىز.
بىزگە شېئىر قېنى دەپ،
ئالدىمنى سىز توراپسىز.

ھەققىڭىز بار سوراشقا،
ئالدىمنىمۇ توراشقا.
ئوت ئالمىسا ماشىنا،
ماتورىنى بۇراشقا.



تەلۋىڭىز ئايلانسۇن،
يازاي سىزگە ياققۇدەك.
يازاي ئۈنىڭ شەرۋىتى
قەلبىڭىزگە ئاققۇدەك.

## پەرۋاز قىلىپ ئۆرلەيمىز

(باللار ناخشىسى)

بىز بەختىيار ئۆسمۈرلەر
تاڭدا كۈلگەن غۇنچە بىز.
بىزنى ئالغا ئۈندەيدۇ
يۈكسەك غايە، بۇرچىمىز.

باشلاپ ماڭدى پارتىيە
يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە.
كۈرەش بىلەن يېتىمىز
شانلىق ئۇلۇغ زەپەرگە.

ياخشى ئوقۇپ مەكتەپتە،
ئەقىل-كۈچكە تولىمىز.
ئىلىم-پەننى ئىگەللەپ،
ئەلگە تۆھپە قوشىمىز.

پەرۋاز قىلىپ بۈركۈتتەك
تىك چوققىغا ئۆرلەيمىز.
ئانا تۇپراق ۋەتەننى
گۈل-چېچەككە پۈركەيمىز.

## ئوغلۇمغا

بەخت بوستانىدا مايسا
بولۇپ تېز كۆكلىگىن ئوغلۇم.
ئىلىم-پەن ئاسمىنى ئارا
قۇياشتەك ئۆرلىگىن ئوغلۇم،

بۈگۈن سېنىڭ باھار پەسلىڭ،
ئۆسۈش ۋە ئۆگىنىش پەيتىڭ.
ئۆگەنمەي، ئىجتىھات قىلماي،
نەتىجە كۈتمىگىن ئوغلۇم.

ئىلىم-پەن ئىشقىغا مەپتۇن
بولۇپ پەرۋانىدەك تەلپۈن.
ئىلىم-پەندىن بولۇپ بىزار،
قوشۇما تۇرمىگىن ئوغلۇم.



جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق،
داۋان ئاش چوققىغا ئۆرلەپ.
"ماڭا كەلسىدى ئامەت" دەپ،
قۇرۇق ئويى سۈرمىگىن ئوغلۇم.

قولاق سالغىن مۇئەللىمنىڭ
سۆزىگە، دەۋىتىگە سەن.
چېپىپ چەللە ئارا ئاتنى،
پالاقشىپ يۈرمىگىن ئوغلۇم.

خەلقىنىڭ ئىشىغا لايىق،
يارامىلىق ئەر بولۇپ ئۆسكىن.
دەۋر يۈكىنى يەلكەڭگە
خوشال ئال-يۈكلىگىن ئوغلۇم.

ۋەتەن تۇت چوققىغا ئۆرلەپ
زەپەر گۈلى ئېچىلغاندا،
گويا بۇلبۇل كەبى سايراپ
زەپەرنى كۈيلىگىن ئوغلۇم.

1979 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## ۋەدە

دەۋرىمىز مەزمۇنغا باي گويا كى ھىكمەت دەپتىرى،
قانچە داستان-ناخشىغا سىغماس گۈزەللىك تەسۋىرى.

كەلتۈرۈپ بەردى چىرايلىق بىزگە كوكلەم پەسلىنى،
رولچىمىز-نىجاتچىمىزنىڭ پەم-پاراسەت، تەدبىرى.

قايغۇ زۇلمەت ھۇقۇشى ئۇقيادا تالقان ئەيلىنىپ،
چومدى ئىقبال نۇرىغا ئەمگەكچىلەرنىڭ تەقدىرى.

قاپ-قارا سۇرلۇك بۇلۇتلار قاچتى ئۇپۇقتىن تاراپ،
چاقنىدى ئالتۇن قۇياشتەك چىن ھەقىقەت گەۋھىرى.

رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلدى گۈللەر شاخ-شىخدا غۇنچىلاپ،
ياڭرىدى بۇلبۇل كۈيى—گۈلزار چىمەننىڭ تەمبىرى.

كەلدى كوڭۈللەر خوشال يايرايدىغان قۇتلۇق زامان،
ياغدى كوكلەم يامغۇرىدەك دىلغا ئىلھام كەۋسىرى.



كەزدى قەلبىمنى ھاياجان ئۇركىشى دولقۇن ئېتىپ:
"شېرىيەت ئاسمىنىغا قوش سەنمۇ، — دەپ، — بىر ئەختىرى!"

بولدى كوز ئالدىمدا ھازىر نوبىتى ھەم خىرقىتى،
يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن سەككاكى، مەخمۇت قەشقىرى.

ئېگىلىپ بەرسەم سالام، ئۇلار ماڭا قىلدى خىتاپ:
"قوللىرىڭدىن چۇشمىسۇن ھەققانىيەتنىڭ شەمشىرى.

چىقسا قايتا مەرىپەت، نۇرانە تاڭنىڭ دۇشمىنى،
قەلىمىڭ بىر توغ بولۇپ تەشكىللىسۇن جەڭ لەشكىرى.

مەڭگۇگە باتۇر خەلقىنىڭ قەلبىدىن ياڭرات سادا،
تىترىسۇن لاغ-لاغ قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ مەككىرى.

ياز، ئۇلۇغ دەۋراننى ياز، سەندىن رىزا بولسۇن ھامان،
جانىجان غالىپ ئېلىڭنىڭ ئىشچى، دىخان، ئەسكىرى".

ئاشۇ سوزدىن يۈرىگىم قاقتى قانات قالغاچ بولۇپ،
ئۇيلىدىم: مەنمۇ بولاي، — دەپ، — كۈيچىلەرنىڭ قەيسىرى.

بولىمەن خەلقىمگە سادىق، ئاقكوڭۇل، جەسۇر ئەدىپ،
بولمىغايمەن پايدا-مەنپەت بازىرىنىڭ مەددىرى.

ئاشۇ ئىلھام پەيزىدە ئىجادىيەت ئاسمانىغا،
ئۇچتى سۇلتان ماخمۇدنىڭ شوخ تەسەۋۋۇر كەپتىرى.

1979 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## سايـاھەتـنامـە

(سىكىل)

### سالام بېيجىڭ

ساڭا يەنە كەلدىم ئېھتىرام بىلەن،
ۋەتەننىڭ يۈرىكى جانىجان بېيجىڭ.
قوللىرىم كۆكسۈمدە بېرىمەن سالام،
ئانىدەك كۆيۈملۈك، مېھرىۋان بېيجىڭ.

ھۆرمەتتە باغرىڭغا قويغاندا قەدەم،
ھېس قىلدىم ئۆزەمنى چەكسىز بەختىيار.
ئۆركەشلەپ دولقۇنلار ياسىدى شۇ دەم،
قەلبىمدە دېڭىزدەك سۆيگۈ، ئىپتىخار.

چۈنكى سەن بەختىمىز نىجات يۇلتۇزى،
پارتىيە مەركىزى تۇرغان ئۇلۇغ جاي.



ياشنايدۇ ئەبەتكە كەڭ جۇڭگو ئېلى،
سېنىڭدىن ئۆزىگە ئېلىپ نۇر چىراي.

تۇرىسەن مەردانە، يېقىملىق كۈلۈپ،
قۇچىغىڭ ھۆر، ئازات، ھايات ياشنىغان.
لالىرەڭ قىزىل تۇغ نۇرىنى چېچىپ،
باشلايدۇ زەپەرگە سېنى ھەرقاچان.

ئېخ! سېنىڭ جۇلالىق گۈل تاجىڭ بولۇپ،
تيەنئەنمېن تۇرىدۇ كېرىپ كۆكسىنى.
تۇرىدۇ داخۇيتاڭ نۇرغا چۈلغۈنۈپ،
كۆرگەندە زوقلاندىم گۈلدەك ھۆسنىنى.

مىليونلاپ تومۇرلار ساڭا تۇتاشقان،
سەن ئانا ۋەتەننىڭ قىزىل يۈرىكى.
ئۆمرىدە بىر كېلىپ ھۆسنۈڭنى كۆرۈش
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ- تىلىگى.

ساڭا يەنە كەلدىم ئېھتىرام بىلەن،
قەلبىمنىڭ مەشئىلى جانىجان بېيجىڭ!
قوللىرىم كۆكسۈمدە سالام بېرىمەن،
تارىختا شەنى بار قەھرىمان بېيجىڭ!

## گوگۇاڭ* ھوسىندەك

سەن ماڭا تونۇشلۇق بىلىمەن سېنى،
مۇۋەڭنى جۇڭغاردا يىگەندىن بېرى.
ئۇرۇلدى دىماققا گۇپۇلدەپ پۇراپ،
باغرىڭغا كەلگەندە گوگۇاڭنىڭ ھىدى.

شەندۇڭنىڭ مۇۋىلەر غەزنىسى يەنتەي،
ئالمىلىق باغلىرىڭ ئىكەن بەك گۇزەل.
لالىزار ئېچىلغان بوستانلىرىڭدا
مىسالى بۇلبۇل بوپ ياڭراتتىم غەزەل.

ياقۇتتەك جۇلالىق گوگۇاڭلىرىڭغا،
قارىدىم ھاياجان ئىلكىگە چومۇپ.
"ھە مېنى ئۈزۈڭ" دەپ تەكلىپ قىلاتتى،
ياپراقتا پۇركىنىپ نازلىنىپ كۈتۈپ.

قانغۇدەك يىگەندە شېخىدىن ئۈزۈپ،
تەمىدىن بولەكچە ھوزۇرلاندى جان.

* گوگۇاڭ — شەندۇڭ ئولكىسىدىن چىقىدىغان ئالمىلارنىڭ بىر خىلى.



روھلاندىم باشقىچە ئۇ بولغان كەبى
تېنىمگە مادار ۋە تومۇرۇمغا قان...

ئالمىلار زوقۇمنى تارتتى ئۆزىگە،
كورۇنۇپ گوياكى جانان چىنىدەك.
ھوسنىگە تولماقتا ياشناپ ۋەتىنىم،
شۇ داڭدار گوگۇاڭنىڭ نۇرلۇق ھوسنىدەك.

## لۇشۇن قەۋرىسى ئالدىدا

سەپەرنىڭ تۇلپارى يەتكۇزدى مېنى،
خۇاڭپۇجياڭ بويىغا — شاڭخەي شەھرىگە.
گۇلدەستە قويغىلى كەلدىم مەن بۇگۇن،
ئېخ، لۇشۇن ئەپەندى ياتقان قەۋرىگە.

تۇرىمەن ھورمەتتە باش ئېگىپ جىمجىت،
شۇ قەۋرە ئالدىدا سۇكۇتتە شۇ دەم.
كەتتى ئوتتۇزىنچى يىللار دەۋرىگە،
قاناتلىق خىيالىم پەرۋاز قىپ بىر دەم.

ئالدىمدا جانلاندى قولىدا قەلەم،
بىر قىران شۇڭقاردەك شۇ ئەدىب ئۇستاز.

بىر چاغدا سۇمرۇغدەك قاناتلار قېقىپ
بۇلۇتلار كوكسىدە ئەيلىگەن پەرۋاز.

ئۇقيادىن ئۇركىگەن قۇشلارغا ئوخشاش،
هولۇقۇپ هەر يانغا قاچقان قۇزغۇنلار.
قاپ-قارا بۇلۇتنى چاقماقتەك يېرىپ،
شۇ سۇمرۇغ چاقناتقان قىزىل دولقۇنلار...

شۇ دولقۇن ئىچىدە ئۇنىڭ سىماسى،
يۇرىگىم قېتىغا ئورنىشىپ قالدى.
ئېخ، مېنى مىنۇتلۇق بىر ئۇچقۇر خىيال،
تۇگىمەس هاياجان ئىلكىگە ئالدى.

## سېنى كورۇپ...

ۋەتىنىمنىڭ گۇلشەن بېغى گۇزەل خاڭجۇ،
قۇچاقلىرىڭ سولماس باهار، گۇل-گۇلىستان.
سېنى كورۇپ كۇلدى خۇشخۇي، ئاچتى چېچەك،
دىلىمدىكى ئۇزۇن يىللىق ئارزۇ-ئارمان.

رىۋايەتتە تەرىپلەنگەن بىهىش باغلار
تەڭلىشەلمەس نۇرلۇق چىراي-هوسنۇڭ بىلەن.



تەڭلىشەلمەس تۇزنىڭ گۇزەل رەڭدارلىغى
مىڭ ياڭزا گۇل پورەكلىگەن كوكسۇڭ بىلەن.

ئۇچ تەرىپىڭ قارىغايلىق، ئارچىزار تاغ،
گۇل بېغىڭدا بۇلبۇللىرىڭ خەندە ئۇرغان.
قوينۇڭدىكى سۇزۇك زۇمرەت شىخۇ كولى،
بەئەينى بىر ئالتۇن قەدەھ، مەيگە تولغان.

يەر شارىنىڭ هەممە بۇلۇڭ-پۇشقىغىدىن،
كورۇش ئۇچۇن ساڭا دوستلار كېلىپ تۇرار.
قۇچىغىڭدا سەيلە قىلىپ هوزۇرلىنىپ،
چىن دوستلۇقنىڭ يالقۇنىنى سېزىپ تۇرار.

كېلىپ مەنمۇ تيانشاننىڭ ئېتىگىدىن،
كوردۇم گۇزەل مەنزىرەڭنى باهار چېغى.
گۇزەللىكنىڭ چوققىسىدا پەرۋاز قىلىپ،
ئورلە، ياشنا ئېلىمىزنىڭ بوستان بېغى.

## سوتسيالىزمنىڭ پارلاق يۇلتۇزى

كەچقۇرۇنلۇغى جۇڭجىڭدا تاغ تۈپىسىگە جايلاشقان پىفا باغچىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاستىمدىمۇ، ئۈستۈمدىمۇ ۋاللداپ يانىغان يۇلتۇزلار ئالەمىنى كۆرۈپ چەكسىز ھاياجانلاندىم.

ئۈستۈڭگە چىققاندا ئاڭقىرالمىدىم،
قايسى جاي يەر-زىمىن،
قايسى جاي ئاسمان.
ئاستىمدا، ئۈستۈمدە يۇلتۇزلار چاقنار،
ئارىدا مۇئەللەق تۇرىمەن ھەيران...

يا مېنى بىر قۇدرەت ئۇچار گىلەمگە
چۈشۈرۈپ ھاۋاغا ئېلىپ كەتتىمۇ!؟
يا مېنى ئۇيقۇنىڭ ئېزىتقۇ چۈشى
يۇلتۇزلۇق ساماغا ئېلىپ كەتتىمۇ!؟

ياق دوستۇم، مەن چەكسىز سامادا ئەمەس،
تۇرغىنىم يەنىلا مۇشۇ يەر يۈزى.
ئەتراپتا ۋاللداپ نۇر چېچىپ تۇرغان،
سوتسيالىزمنىڭ پارلاق يۇلتۇزى.

1979 - يىل ئىيۇل — ئاۋغۇست، جۇڭجىڭ — ئۈرۈمچى.



# قىزىل قىيا تەسىراتلىرى
(سىكىل)

جۇڭجىڭدىكى "قىزىل قىيا ئىنقىلاۋىي خاتىرە كۆرگەزمىسى"نى ۋە «شىنخۇا رىباۋ گېزىتى» خاتىرە ئورنىنى يوقسەك مۇھەببەت، ئېھتىرام بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىمدا، قەدىردان جۇ ئېنلەينىڭ شانلىق ئوبرازى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدۈم.

## كەل، دىدىڭ مېنى

چارچىماس تۇلپاردا ئۇزاق يول مېڭىپ،
چۈشكەندە بوسۇغاڭ ئالدىغا كېلىپ.

ۋاللداپ نۇر ياققان جايدەك كۆرۈندۈڭ،
ھوسۇندە مىسالى ئايدەك كۆرۈندۈڭ.

زۇڭلىنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن تۇپراقنى،
جىيالىڭجياڭ ئېتىكى گۈزەل قىرغاقنى.
زوقلىنىپ كۆرۈشنى باشلىغان چاغدا،
باغرىڭغا قەدەمنى تاشلىغان چاغدا؛

ئارچىزار باغلىرىنىڭ چاۋاكلار چېلىپ،
مېنى قارشى ئالدى گۈل چىراي ئېچىپ.

قۇشلىرىنىڭ چۇرۇقلاپ جاراڭلاتتى ساز،
يولۇمغا چىمەنلەر سالدى پايانداز.

— مەرھابا،
مەرھابا، كەل، دىدىڭ مېنى،
تەلپۈندۈم، زىيارەت ئەيلىدىم سېنى.

## سالام قىزىل قىيا*

ساڭا ئېلىپ كەلدىم سوغا ئورنىدا،
گۈزەل تىيانشاننىڭ ئېھتىرامىنى.
ئىچەي دەپ جىيالىڭجىياڭ شەرۋەتلىرىدىن،
تولدۇرۇپ قەلبىمنىڭ ئالتۇن جامىنى.

* قىزىل قىيا كەنتى چۇڭچىڭنى كېسىپ ئۆتىدىغان جىيالىڭجىياڭ دەريا-سىنىڭ جەنۇبىي قىرغىغىغا جايلاشقان بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن



كورگەندە سويۇندۇم ئىتەكلىرىڭنى،
مېنى گۈل ھوسنۇڭگە قىلدىڭ مەھلىيا.
ئالدىمدىن تېزلىپ ئۆتتى سۇرەتتەك،
جەسۇرلۇق قىسمىتىڭ ئەي قىزىل قىيا.

ئانجان ۋەتەننىڭ سەن گۈلشەن بېغى،
نامىڭنى بىلىدۇ كەڭ جۇڭخوا ئېلى.
نۇر بىلەن قارا تۈن قۇچاقلاشما جەڭ
قىلغاندا جەنۇپنىڭ بولدۇڭ مەشئىلى.

زۇلمەتلىك توپاننىڭ مۇدھىش دولقۇنى،
ئۇرسىمۇ چىڭ تۇردۇڭ كوكسۇڭنى كېرىپ.
جياڭنەنگە ئىقبالدىن سەن بەردىڭ دېرەك،
بۇلۇتلار باغرىنى چاقماقتەك يېرىپ.

ھوۋلىغان چېغىدا ھۇقۇش چەكچىيىپ،
ياڭراتتىڭ قەلبىڭدىن بۇلبۇلدەك سادا.

رەئىسى يولداش جۇ ئېنلەي باشچىلىغىدىكى ج ك پ جەنۇبىي
جۇڭگو بيۇروسى 8 ـ ئارمىيە باشقارمىسى مۇشۇ جايدا تۇرغان ۋە
جىياڭ جيېشى گۇرۇھىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياسىتىگە قارشى
تىغمۇ ـ تىغ كۈرەش ئېلىپ بارغان ئىدى.

تۇماننى يورۇتقان مەشئەلدەك يېنىپ،
مۇقەددەس بۇرچۇڭنى ئەيلىدىڭ ئادا.

نى مەرت، ئەزىمەتلەر سەندىن كۈچ ئېلىپ،
زۇلمەتلىك دۇنياغا ئېلان قىلدى جەڭ.
يەنئەنىنىڭ ھەققانى غالىپ مارشىغا،
جۆر بولۇپ، جاراڭلىق ئاۋاز قوشتى تەڭ.

نى باتۇر ئوغلانلار قوغداشقا سېنى،
تەسەددۇق ئەيلىدى ئەزىز جېنىنى،
جادۇلار، قىلىچلار، دارلار ئالدىدا
باش ئەگمەي، مەردانە توكتى قېنىنى.

ئىخ! بۈگۈن ۋەتەنىنىڭ كەڭ قۇچىغىدا،
شۇ قاندىن ئېچىلدى سانسىز گۈل-چېچەك،
شۇ قاندىن تورەلدى نەۋقىران جۇڭگو،
شۇ قاندىن نۇرلىنىپ كۈلدى كېلىچەك.

## بىر قىزىل سۇمرۇق

مانا كوز ئالدىمدا خۇگيەن يېزىسى،
لالىرەڭ چىمەنزار ھور باغ كورۇندى.



بەئەينى سامانىڭ مەزمۇت تۈۋرۈگى،
شۇ باققا ياندىشقان زور تاغ كورۇندى.

ئاسمانغا تاقاشقان شۇ تاغ ئۈستىدە،
تۇرىدۇ ياشىرىپ بىر مېيخۇا گۈلى.
ئۇ گۈلنىڭ شەيداسى، مەپتۇنى بولۇپ،
سايرىغان چاكىلداپ گۈلشەن بۇلبۇلى.

كورگىنىم تاغ ئەمەس، جۇئېنلەي ئۆزى،
قەددى ۋە قامەتتە كوكتىن ھالقىغان.
كورگىنىم گۈل ئەمەس، بىر قىزىل سۇمرۇغ،
ۋەتەنىنىڭ كوكسىدە كۈندەك چاقنىغان...

## يىقىلماس ھەيكەل

شۇنچە ئالدىرايمەن تاۋاپ قىلغىلى،
بىر چاغلار نەنفاڭجۇي* تۇرغان بىنانى.
شاتلىقىم دەريادەك ئۇركەشلىمەكتە،
قەلبىمدە قوزغىتىپ جۇشقۇن سادانى.

* نەنفاڭجۇي — جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسى.

شۇ بىنا ئىچىگە قويغاندا قەدەم،
خۇگىيەنىنىڭ تارىخى بولدى نامايان.
جەڭگىۋار يىللارنىڭ يالدامىلىرى،
نۇر چاچتى قۇياشتەك ئالدىمدا شۇ ئان.

مانا جۇ فۇجۇشى تۇرغان ئىشخانا،
كورگەندە سىماپتەك چايقالدى تېنىم.
باھار تاشقىنىدەك كوۋەجەپ ئېقىپ،
تومۇرغا سىغماستىن جۇش ئۇردى قېنىم.

شۇ چاغدا بىلىندى، — ئوغلۇم كىرىڭ، — دەپ،
ئالدىمغا چىققاندەك ئۇ ئىنسان ئوزى.
چاقناتتى كوزۇمنى بىر نۇرلۇق سىما،
يانغاندەك پارىلداپ قۇتۇپ يۇلتۇزى.

سويۇملۇك ئىنساننىڭ رەسىمنى كورۇپ،
ئېھتىرام-ھورمەتتە ئېگىلدى بېشىم.
بىھساپ توھپىسى ئالدىمغا كېلىپ،
تاراملاپ توكۇلدى مەرۋايىت يېشىم.

ئەنە ئۇ ئولتۇرغان قومۇش ئورۇندۇق،
ئەنە ئىش ئۇستىلى ئاددى ياسالغان.



ئەنە ئۇ ئىشلەتكەن دوۋەت ۋە قەلەم،
ئەنە كىيىملىرى تۇرار يامالغان.

ئەنە ئۇ ياغاچتىن ياسالغان كارۋات،
جۇ ئېنلەي ئۇنىڭدا كوپ يىللار ياتقان.
تۇرىدۇ ئۇستىدە يىغىقلىق يېتى —
ياماقلار سىلىنغان ئوگەن چىت يوتقان...

ئاددى-ساددا ياشاپ بۇ چەۋەر شۇڭقار،
مۇشكىلات بېلىنى دەسسەپ پۇكلىگەن.
گوھەردەك خىسلىتى، پەزىلىتىدىن
نۇر چېچىپ يىقىلماس ھەيكەل تىكلىگەن!

شۇڭلاشقا ئوتسىمۇ يىللار، ئەسىرلەر،
توھپىسى تارىختا ئوچمەيدۇ پەقەت!
يادلىنىپ تۇرىدۇ زۇڭلىنىڭ نامى،
ئەۋلاتلار قەلبىدە ئەبىدىل-ئەبەت!

## ھەقىقەت ئەينىگى

(«شىنخۇا رىباۋ» گېزىتى* خاتىرە ئورنىنى
ئېكىسكۇرسىيە قىلىشتىن تەسىرات)

زىيارەت قىلىشقا كەلگەندە ساڭا،
قەلبىمنى قاپلىدى چوغدەك ھارارەت.
قۇلىغىم تۈۋىدە كەتتى جاراڭلاپ،
جۇ ئېنلەي سەن ئۈچۈن قىلغان دالالەت:

”چاقنىغىن نۇر چېچىپ ئالتۇن قوياشتەك،
شولاڭدىن چېكىنسۇن زۇلمەتلىك زاۋال!
بىسلىرى قايرىلماس زۇلپىقار بولۇپ،
ئىغۋالار كوكسىگە شىددەتلىك قادال!“

شۇ ياڭراق خىتاپنى سەن قىلىپ ئادا،
ئادالەت، ھەقىقەت ئەينىگى بولدۇڭ.
«مەركىزىي گېزىت»** توھمەتلىرىنى

---

* «شىنخۇا رىباۋ» ج ك پ جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسى چۇڭچىڭدا نەشر قىلغان گېزىت.

** «مەركىزىي گېزىت» (جۇڭياڭ رىباۋ) ئازاتلىقتىن ئىلگىرى چۇڭچىڭدا چىقىرىلغان گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى.



شەرمەندە ئەيلىدىڭ،
يەرلىكتە قويدۇڭ.

قانچە دۈچ كەلسەڭمۇ خەۋپۇ-خەتەرگە،
تەۋرىنىپ باقمىدى ئىرادەڭ پەقەت.
سېنى ئوز قولىدا جۇ فۇجۇشىمىز،
تارقىتىپ،
تۇگمەس بەردى كۈچ-مەدەت.

شۇ مەدەت ئۇلغايتىپ جاسارىتىڭنى،
خەلقنى ئويغاتتىڭ، جەڭگە چىللىدىڭ.
قاراڭغۇ كېچىدە شولاڭنى چېچىپ،
شەپەرەڭ باغرىنى ئوقتەك تىلغىدىڭ.

پۈتۈلدى تارىخنىڭ ئالتۇن بېتىگە،
ئالەمچە شەۋكىتىڭ، شەرىپىڭ-شانىڭ.
ئىنقىلاپ يولىدا توھپە شۇنچە كوپ،
خەلقىمىز دىلىدا ئوچمەيدۇ نامىڭ!

1979-يىل ئىيۇن — ئىيۇل، چۇڭچىڭ — ئۈرۈمچى.

# جەڭ ناخشىسى

تۈنىنىڭ پەردىسىگە بىز ئوت ياققاندا ۋولقاندىن،
پەريات چەكتى شۇم ھۇقۇش يالقۇنجىغان گۈلخاندىن.

گۈكرەپ بوران سوقتى، چاقماق تولغىنىپ چاقتى،
ئۇرغاندا قۇياش نەيزە بۇلۇت قاچتى ئاسماندىن.

تاڭ ئاتتى، باھار كەلدى، قۇشلار نەغمىگە چۈشتى،
چوغدەك گۈل-چېچەك ئۈندى بىز توككەن قىزىل قاندىن.

ئەلنىڭ تەقدىرى پۈتكۈل يوقسۇل ئىلكىگە ئۆتتى،
كۆلدۈق مايسىدەك ياشناپ، چىقتۇق ئارزۇ-ئارماندىن.

چاڭقىغان يۈرەك قاندى بەخت شارابىنى ئىچتۇق،
پارتىيە ئاتا قىلغان ھور، نۇرانە دەۋراندىن.

بۇ دەۋران كۈرەشلەرسىز كەلمىگەن ئاسان قولغا،
شۇ يولدا جۇدا بولدۇق ئون مىڭلىغان پالۋاندىن.



پارلاق بۇ گۈزەل دەۋران دىلنى ئەيلىدى مەپتۇن،
بىلدۇق بىز ئۇنى قىممەت مىڭ ھەسسە ئەزىز جاندىن.

تاڭدىن ياشنىغان گۈلشەن قۇتلۇق تۇتيا بىزگە،
قوغدىدۇق ئۇنى ھەر دەم شۇم ئالۋاستى-شەيتاندىن.

*
* *

بىز تۇغ ئوينىتىپ قولدا ماڭغاندا نىشان بويلاپ،
توت يىلان چىقىپ قۇتراپ، زەھەر چاچتى ھەر ياندىن.

پارتىيە كورۇپ تەدبىر خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالدى،
يەنچىلدى شۇم يىلانلار بىزنىڭ گۈرزى-بازغاندىن.

نەۋباھار چىراي ئاچتى، بۇلبۇل سايرىدى خۇشخۇي،
زوقلىنىپ قىزىل گۈللەر ھوسنىدىكى جەۋلاندىن.

ئاتلاندۇق كۈرەش-جەڭگە، ئېلىپ چەكسىز كۈچ-قۇدرەت
پارتىيە جاكا قىلغان شانلىق يېڭى پەرماندىن.

دۇلدۇللار مىنىپ چاپتۇق پارلاق يېڭى مەنزىلگە،
توسقۇنلار بوسۇلمەكتە بىز مەردانە كارۋاندىن.

1979 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## مەنمۇ سىنى خالايمەن

(بىر قىزنىڭ خاتىرىسىدىن)

### ناخشا تېكىستى

ئادىتىڭ شۇ ئۇزۇندىن،
ماڭا پىنھان قارايسەن.
ئەگەر ھەركۈن ئاخشىمى،
دەرىزەمنى مارايسەن.

قىلىغىڭدىن چۈشەندىم
كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى.
خىجىل بولماي ئېيت جانان،
ئەمدى ئۇچۇق گېپىڭنى.

بۇلبۇل گۈلگە قونغاندا،
شاتلىقىمدىن ياپرايمەن.
ئىشچان يىگىت تارتىنما،
مەنمۇ سېنى خالايمەن.

1980 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.



## تىلەك

تىلەگىم شۇ ساڭا، جىسمىم، ۋىسال ئىشقىدا گۈلخان بول،
ۋىللداپ چاقنىغان يۇلتۇز ئىچىدە سەنمۇ چولپان بول.

يۇسۇپ، لۇتپى، نىزارىدەك* يېزىپ ئۆلمەس غەزەللەرنى،
جاھانغا سەنئەتتى مەشھۇر خەلققە كۆيچى ئوغلان بول.

ساڭا تەشنا يۈرەكلەرگە بۇلاقتەك شۇقىراپ ئاقىن،
سېلىپ سايە تومۇزلاردا ئارام بەرگۈچى ئورمان بول.

ھەۋەس، نەپسىڭگە چوغ تارتىپ ياشاشنى قىلمىغىن ئارمان،
خەلق بەختى ئۈچۈن دۇر قاز، ئاڭا غەمخور، كويۇمچان بول.

ھەقىقەت يولىدا گەرچە بېشىڭ كەتسە، شەرەپ بىلگىن،
كوزى كور شەپەرەڭلەرگە گويا نەشتەر، زىمىستان بول.

---

* مەشھۇر ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرى.

ئېگىز خەلقىمىزگە مەجنۇنتال بولۇپ ھۆرمەتتە قول باغلاپ،
تەكەببۇر بەد نىيەتلەرگە غاداي، ھەتتاكى ئاسمان بول.

نەزەر سال، تەلپۈنۈپ ھەردەم ئىگىز، ئالتۇن راۋاقلارغا،
نۇرانە غايىگە جاننى پىدا قىلغان چېلىشچان بول.

گۈزەل غايە — دىمەك شىرىن، ساڭا قەلبى يېنىپ تۇرغان،
بولۇپ پەرھات ئاڭا يەتمەك يولىدا مەردۇ-مەيدان بول.

باھارنىڭ شەبنىمى تامسا ياشارغاي لەيلىلەر كۆركەم،
تۈمەن مىڭ گۈل-چېچەك ئاچقان، ئىپار ھىدلىق گۈلىستان بول.

گويا ھەشقى پېچەكلەردەك تۇزۇپ كەتمە مەھەل ئۆتمەي،
چىدامدا لەيلىسى قارنىڭ، پۇراقتا مەڭگۇ رەيھان بول.

مەگەر تاپماس ئىكەن پەرۋىش كوچەتلەر ۋايىغا يەتمەس،
كېچە-كۈندۈز ئەجىر ئەيلەپ مۇڭلۇك باغۇ-بوستان بول.

جاپالار دەشتىنى كەزمەي زىبا ۋەسلى نىسىپ بولماس،
پىكىر ئوكيانىدىن گوھەر سۈزۈپ ئالغۇچى پالۋان بول.

جاھاندىن سەت قۇرۇق كەتسەڭ، كېلىچەككە مىراسىڭ يوق،
ھەسەل-قەندىن لەزىز، تاتلىق نىسىۋە تولا داستىخان بول.



ئۆتەر كۈن، ئاي، ئۆتەر يىللار ئۈزۈلمەي خۇددى كارۋاندەك،
ۋاقت بويىنغا مارجان ئاس، ئىجات-تۆھپەڭدە داستان بول.

چۈشۈپ بەيگىگە بەس-بەستە ئېتىلغان بىھساپ ئوقتەك،
زامان تۇلپارلىرى ئۆچتى، قېنى ئۈچ، سەنمۇ چاققان بول.

ھاياتتۇر موجىزە كانى، كۆرەشلەر قاينىغان مەيدان،
ھاياتنىڭ قاينىمى ئوزرە يېڭى ئىلھامدا پونتان بول.

گۈزەل مىسرالىرىڭ ئەلنىڭ دىلىغا مەي بولۇپ سىڭسۇن،
يېڭى يۇرۇش ئۈچۈن ياڭراق چېلىنغان مىسلى بالمان بول.

شەرەپ قۇچساڭ تەكەببۇرلۇق ئېتىدا غادىيىپ چاپما،
پەزىلەت باغىدا غۇنچە، تەلەپچان، توغرا ئىنسان بول.

سېنىڭدىن تىلىگىم شۇكى، چوقۇم ئۇلتان ئەمەس، بەلكى
ۋاپادار بارچە خەلقىڭنىڭ كوڭۇل مۇلكىدە سۇلتان بول.

1980 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# قەشقىرىم

(غەزەل)

مەززەئى لۇتپى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مازارى كاشغەر.

يا پەرى يا ھورى يا باغى ئىرەم ياد ئەيلىمەس،
شەھرىنى ئۇنتۇر بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

گۇمنام

ئەسسالام باغرى چىمەنزار لالىزارىم قەشقىرىم،
شوھرىتى ئالەمگە مەشھۇر ئىپتىخارىم قەشقىرىم.

مەرپەتتىن نۇر چېچىپ تارىختا كۈندەك چاقنىغان،
ئىلمۇ-ئىرپانىنىڭ ئوچاغى كۈچ-مادارىم قەشقىرىم.

كەڭ جاھان كەچمىشلىرى دەرياسىغا قولۋاق سېلىپ،
چەشمە دولقۇنلار يېرىپ ئۈزگەن دىيارىم قەشقىرىم.



ھەق نىمە، ناھەق نىمە گوياكى بەش قولدەك بىلىپ،
بىر قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك يانغان بىدارىم قەشقىرىم.

قانچە مەخمۇت ھەم يۈسۈپكە* نۇر، ئەقىل بەرگەن بوشۇك،
تىل تەپەككۇرنىڭ كالامى-قىبلىگاھىم قەشقىرىم.

دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»
ھەم «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئالتۇن مۇنارىم قەشقىرىم.

كەشپىياتنىڭ دۇلدۇلىنى كوكتە پەرۋاز قىلدۇرۇپ،
يەتتە ئىقلىمغا تاراتقان ئىقتىدارىم قەشقىرىم.

قان ئىچىش كويىغا چۈشكەن جادىگەرلەر باغرىنى،
سانجىلىپ مىڭ پارە قىلغان زۇلپىقارىم قەشقىرىم.

قەدىمى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ياقۇت ماكان،
شوخ دېڭىزدەك قاينىغان ئاۋات بازارىم قەشقىرىم.

سېخىلىقتا ساڭا ھاتەم** تەڭلىشەلمەس ھېچقاچان،
كەلسە مېھمان داسقىنى كەڭ، ئىنتىزارىم قەشقىرىم.

* 11 – ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر، مۇتەپەككۇر مەخمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

** ھاتەم — رىۋايەتتە سېخىلىق بىلەن داڭ چىقارغان بىر شەخس.

سەندىكى ھەر بىر كىشى نەققاش، بىناكار تىلسىمات،
ھەر قەسىردە مىڭ نەقىش سويگەن نىگارىم قەشقىرىم.

قولى گۈل ئەۋلاتلىرىڭنىڭ ھۈنىرى بىر موجىزات،
سەندىن ئەندىز ئالدى ئەل-يۇرت دىل خۇمارىم قەشقىرىم.

شوخ نەپىس ئۇسۇللىرىڭدىن ئالسا قەلبىم زوق، ھوزۇر،
بولدى ئون ئىككى مۇقامىڭ روزىغارىم، قەشقىرىم.

ناخشىكار پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئالدىدا بۇلبۇل چانۇر،
سەنئەتى دۇنياغا داڭلىق لەيلىزارىم قەشقىرىم.

خىسلىتىڭ تىللاردا داستان، ھىكمىتىڭدىن ئۇرگىلەي،
مېھرى ئاتەشلىك ئېقىندەك غەمگۇزارىم قەشقىرىم.

ساپ ھاۋايۇ-ئىقلىمىڭدىن جان چېچەكلەپ كوكلىگەي،
ئالدى ھوسنىنى گۈلاسىنىڭ خۇش چىرايىم، قەشقىرىم.

سۇلىرىڭ كەۋسەر سىنىڭ، سۇمبۇللىرىڭ گويا ئىپار،
تۇپرىغىڭ ئەمبەر مىسالى سەرۋىزارىم قەشقىرىم.

پۈركىدى باغرىڭنى گۈلگە كىيدۇرۇپ كىمخاپ تاۋار،
تاڭ ساباسىدا پۈرەكلەپ نەۋ باھارىم قەشقىرىم.



ئاڭلىسا نامىڭنى كىمكى تارىخىڭنى ياد ئېتەر،
سەن بىلەن ئاشتى جاھاندا ئېتىۋارىم، قەشقىرىم.

ئايلىنىپ مەن سەيلە قىلسام قۇچىغىڭنى ھەر نەپەس،
ئېچىلىپ-ياپراپ كېتەرمەن، جىلۋىدارىم قەشقىرىم.

جۈت شىۋىرغان قامىتىڭنى ئەگمىگى مۇمكىن ئەمەس،
زەر قۇياشتىن ياشنىغان مەزمۇت چىنارىم قەشقىرىم.

باغلىرىڭ شەرۋەت بۇلاق، تەنگە داۋا، دىلغا شىپا،
سەندە ئوخشايدۇ ئەجەپ ئەنجۇر، ئانارىم، قەشقىرىم.

چامغۇرۇڭ قەن، ئامۇتۇڭ ياغ، شاپتۇلۇڭ مىسلى ھەسەل،
ئۈرۈكۈڭ شاخ مانتۇسى، مول مۆۋىزارىم قەشقىرىم.

ئۈز جامالىڭ ئالدىدا جەننەت قىلار ھەر دەم رەشك،
سەن مېنىڭ بوينۇمغا ئاسقان تىل تۇمارىم قەشقىرىم.

سەن ئۇچۇن ئاقماقتا سويگۇم شوخ تومەن دەرياسىدەك،*
سويگۇدىن داستان پۈتەرمەن سەيلىزارىم قەشقىرىم.

* تومەن دەرياسى — قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئوتىدىغان دەريا.

تەسۋىرىڭگە يەتكۈدەك تىل تاپمىغىم مۈشكۈل ماڭا،
بىر ئۆمۈر كۈيلەر سېنى تەمبۇر، ساتارىم، قەشقىرىم.

ئاق سۈتۈڭنى ئاقلىسام ئۆمرۈمگە چەكسىز رازىمەن،
جان پىدا قىلماق ساڭا ئەھدۇ-قارارىم، قەشقىرىم.

تۇتىلىشىش يولىدا ئاشسا تېخىمۇ شان-شەۋكىتىڭ،
شۇندا سەندە بولغۇسى ھاسىل مۇرادىم، قەشقىرىم.

گەر نەپەستىن توختىسام، روھىم مېنىڭ تاپقاي ئەمىن،
تۇپرىقىڭدىن ئالسا جاي قەۋرە-مازارىم، قەشقىرىم.

1980 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## پەنگە يۈرۈش قىلىش ناخشىسى

(ناخشا تېكىستى)

ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلدۇق،
جەسۇرانە قەدەم تاشلاپ.
ئىلىم-پەن نۇرىدىن كۈلدى،
قۇياشتەك قەلبىمىز چاقناپ.



ئىلىم ئابى ھايات كەۋسەر،
ئىلىمدىن كۆكلىگەي ئىنسان.
ئىلىمنىڭ ھىكمىتى چەكسىز،
ئىلىمدىن چۆل بولار بوستان.

ئىلىمنى خارلىغان ئەل-يۇرت،
نادامەت چۆلىدە قالغاي.
جاھالەت دەردىنى تارتىپ،
ئازاپ گۈلخانىدا يانغاي.

قەدىرلەيمىز ئىلىم-پەننى،
سەپەرنىڭ مەشئىلى چاغلاپ.
يېڭى مەنزىلگە يول ئالدۇق،
ئىگىز ئورلەشكە بەل باغلاپ.

1980 - يىل ماي، بېيجىڭ.

## سېنىڭ بىلەن چېچەك ئاتاي

يەكشەنبىدە ئىشخانىدا ئولتۇراتتىم،
سېنى ئەسلەپ دىلغا ئىلھام تولدۇراتتىم.

سېغىنىشنىڭ ھېسلىرىغا چۇلغىناتتىم.
خاتىرەمگە ئۈنچە-مارجان قوندۇراتتىم.

تېلېفوننىڭ قوڭغىرىغى جىرىڭ-جىرىڭ
سىگنال بېرىپ تۇيۇقسىزلا دېدى: "كېلىڭ،
قېنى يىگىت ترۇپكامنى قولغا ئېلىڭ،
يەتكۈزىمەن بىر خۇشخەۋەر قوبۇل قىلىڭ!"

ئۇقتەك كېلىپ ترۇپكىنى قولغا ئالدىم،
"سىز كىم؟" دېگەن سۆزۈڭدىنلا تونۇۋالدىم.
يۈرەكلىرىم تېپىچەكلىدى دىل خۇمارىم،
تېلېفون بەرگەن سەن ئىكەنسەن ئايجامالىم:

"ئوقۇشلىرىم ئاياقلاشتى قايتماقچىمەن،
ئەنجىڭ بىلەن خوشلىشىپ تېز ياناماقچىمەن.
گەپ-سۆزىڭىز بولسا مەگەر ئۇقماقچىمەن،
ئۈرۈمچىگە شەنبە كۈنى بارماقچىمەن."

"قايتماقچىمەن" دېگەن سۆزۈڭ دىلغا ياقتى،
تېلېفوندا ئىللىق ھىدىڭ بىللە ئاقتى.
شۇ ھىس بىلەن گۈلچىرايىڭ كۈلۈپ باقتى،
كېپىنەكتەك قەلبىم خوشال قانات قاقتى.



تېز كەل جېنىم، بەك سېغىندىم كۈتۈپ ئالاي،
قىزىلگۈلدىن يوللىرىڭغا گىلەم سالاي.
شاتلىغىمغا تەڭكەش قىلىپ تەمبۇر چالاي،
سېنىڭ بىلەن گۈلىستاندا چېچەك ئاتاي.

1980-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

## رۇبائىلار

قىزىقما مەيتۇن بوپ قۇرۇق سولەتكە،
سولەتتىن ئېرىشكەن كىم بار ھورمەتكە؟
ئىزدىسەڭ ھەقىقى ئىززەت،
تەر تۆكۈپ،
شان-شەرەپ كەلتۈرگىن خەلق، دولەتكە.

*
* *

قۇزغۇندەك ياشاشتىن يۈز يىللاپ ئۇزاق،
بۈركۈتتەك ياشىغان ئەۋزەل قىسقىراق.
خەلققە نەپ بەرمەس ئۆمۈردىن كۆرە،
ئوغۇتقا كېرەكلىك ئەخلەت ياخشىراق.

*
* *

ياخشى ئات سىنىلار ئۇزۇن سەپەردە،
ياخشى دوست بىلىنەر مۇشكۇل خەتەردە.
ھەققى يولداش دەپ ئېيتقىلى بولماس،
بولمىسا ساداقەت، ۋىجدان ئەگەردە.

*
* *

ئالدىڭدا ئۇچرىغان دوستىن قىل ھەزەر،
كېلىدۇ ئۇنىڭدىن ساڭا خەۋپ-خەتەر.
ئاغرىتىپ ئېيتار دوست،
دۇشمەن كۇلدۇرۇپ،
تەلەپچان يولداشقا سال ئىللىق نەزەر.

*
* *

چوڭ دەريا تېچ ئاقار، شىلدىرلار ئېرىق،
پو ئېتىپ كورەڭلەش بولمىغۇر قىلىق.
ئاممىنىڭ قۇدرىتى گوياكى تاغدەك،
سەن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دانە تېرىق.

*
* *

يىلتىزى بوش بولغاچ ئۇچىدۇ قامغاق،
ئۇزىنى ماختىغان بىرىنچى ئاخماق.
قىلچىلىك ئەجرىنى تاغدەك كورستىپ،
مۇمكىنمۇ كىشىنىڭ كوڭلىگە ياقماق.



*
* *

ھاياتتا مەنىلىك ياشىغان ياخشى،
ئۇزىنى خەلققە ئاتىغان ياخشى.
بىكار يەپ قاۋاندەك سەمرىشتىن كورە،
ئىلىم-پەن يولىدا يادىغان ياخشى.

*
* *

كىمكى باشقىلارغا قىلىپ كورسە قەس،
تارىخ ئۇنى ئەيلەر ئەخلەتتىنمۇ پەس.
ئوچۇق ۋە يورۇقلۇق، ئالىجاناپلىق،
مەن شۇنداق خىسلەتكە قىلىمەن ھەۋەس.

*
* *

ئىچى تار ئادەمگە كەڭ ئالەم قەپەز،
بىر دەممۇ تىنجىتماس ئۇنى شۇم غەرەز.
تىرناقنىڭ ئاستىدىن كىر ئىزلەپ يۇرۇش،
ئۇنىڭغا يېپىشقان ئادەت ۋە مەرەز.

*
* *

كۇن ئوتەر، ئاي ئوتەر ۋە يىللار ئوتەر،
ئومرۇڭنىڭ مۇددىتى ئاخىرى پۇتەر.
ئومرۇڭنىڭ كىتاۋى ئالتۇن ھەل بىلەن،
يېزىلسا ئەۋلاتلار سېنى ياد ئېتەر.

*

* *

ۋاقتىنىڭ قىممىتى ئالتۇندىن ئەلا،
ۋاقتىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ دەنا.
قەدىرلەپ چىڭ تۇتساڭ ھەر بىر نەپەسنى،
بېرىسەن ئۆمرۈڭگە تۈگىمەس مەنا.

*

* *

ئىلھام دۇلدۇلدا ئۇزىمەن دىسەڭ،
نەزمىدىن گۈل-چېچەك تۈزىمەن دىسەڭ.
ھاياتلىق دېڭىزى ئىچىگە شۇڭغۇ،
چاقنىغان مەرۋايىت سۈزىمەن دىسەڭ.

*

* *

ماڭا يار بولماقچى بولساڭ ئەي نىگار،
ئۆمرۈڭنى لاغايلاپ ئۆتكۈزمە بىكار.
ئىلىم-پەن يولىدا تاغ-داۋان ئېشىپ،
زېھنىڭنى ئوق قىلىپ ئەيلىگىن شىكار.

*

* *

نۇرنى قەدىرلەشكە پەرۋانە كېرەك،
زىننەتكە تاش ئەمەس، دۇردانە كېرەك.
چوققىغا ئۆرلەشكە لاي غەزەل ئەمەس،
پەرھاتتەك غەيرەتلىك مەردانە كېرەك.



*

* *

قازانساڭ نەتىجە گىدىيىپ كەتمە،
ئۆزەڭنى شىر چاغلاپ كېرىلىپ كەتمە.
ئاممىدىن ئايرىلساڭ "مەن قالتىسقۇ" دەپ،
قالىسەن ئاقۋەت تۈگىمەس دەرتكە.

*

* *

تاماخور تەلمۈرۈپ باقىدۇ ساڭا،
ياغلىما سوزلىرى ئاقىدۇ ساڭا.
يولۇقساڭ بىرەر چوڭ پىشكەللىككە،
بىرىنچى پەشۋانى ئاتىدۇ ساڭا.

*

* *

ئۇستىرا ئەزەلدىن ماڭىدۇ كاپقا،
بەزىلەر ئىشىنىپ كېتىدۇ لاپقا.
گوياكى مايمۇندەك ئوينايدۇ ئۇسۇل،
لاپچىنىڭ قولىدا چېلىنغان داپقا.

*

* *

ئەل ئۈچۈن ئىشلەشكە يانمىسا زوقى،
ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نىمىدە پەرقى.
نەپسىگە چوغ تارتىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ،
مېنىڭچە ئەخلەتتىن تۆۋەنرەك نەرقى.

*

*   *

بەزىلەر ھىلىدە تۈلكىدىن يامان،
شۈكلاشقا بىر مەھەل ئىشلىرى راۋان.
مۈنداقلار توت-بەش كۈن بازار تاپسىمۇ،
قاپقانغا چۈشىدۇ ئاقىۋەت ھامان.

*

*   *

مەنمەنلىك جاھاندا بولمىغۇر ئىللەت،
كەمتەرلىك كىشىگە بىباھا خىسلەت.
شۇ خىسلەت سىنىگدە ئاچسا گۈل-چېچەك،
خالايىق ئىچىدە تاپىسەن ئىززەت.

*

*   *

ۋىجدانلىق ئادەملەر گۈللىسە دەيمەن،
ئۈچ قىرلىق ئادەملەر تۈگىسە دەيمە.
ئوت قۇيرۇق جاناپلار ھۇشىنى تېپىپ،
پاشىدەك غىڭىلداپ يۈرمىسە دەيمەن.

*

*   *

تۈرقىغا قاراپلا دىمىگىن ئادەم،
تولىمۇ مۈرەككەپ، سىرلىق بۇ ئالەم.
كۈزەتسەڭ ئايرىيسەن ياخشى-يامانىنى،
دىمىگىن ئالدىراپ "يوق ئىكەن چارەم!"



*

*   *

ساڭا سۈت بەرمىسە ۋەتەن—ئانىجان،
قىلمايتتىڭ ھاياتلىق يېغىدا جەۋلان.
سىنىگدەك پەرزەنتىنىڭ نىمە ھاجىتى،
ۋەتەنىنىڭ دەردىگە بولمىساڭ دەرمان.

*

*   *

مەن يېزىپ تۈرغاچقا شېئىر ھامانەم،
رىلىسلار تۈگۈنى بولدى پىشانەم.
يازمەن بېشىمغا چۈشسىمۇ قىرو،
قالسۇن دەپ خەلقىمگە ئازراق نىشانەم.

1979 — 1981 - يىللار، ئۈرۈمچى.

## سەنئەت چولپىنى

(باللادا)

يېڭى يىل ئاخشىمى مۇقامنى ئاڭلاپ،
ھوزۇر-زوق ئىچىدە چومدۇم خىيالغا.
تەپەككۇر قۇشلىرىم ئىزلەيتتى جاۋاپ،
قەلبىمنى چولغىغان ھەر بىر سوئالغا.

"مۇقامغا كىملەرنىڭ قان-تەرى سىڭگەن،
ئۇ قانداق تۇغۇلدى، كامالغا يەتتى؟"
ئويلىنا-ئويلىنا تەسەۋۋۇرلىرىم
تۆت يۈز يىل بۇرۇنقى دەۋرگە كەتتى.

چۈشۈممۇ، ئويغۇممۇ بىلەلمىدىم ھېچ،
باشقا بىر دۇنياغا يۈزلىنىپ قالدىم.
كەلدى كۆز ئالدىمغا گۈزەل مەنزىرە،
ھاياجان ئىلكىدە سۈرەتكە ئالدىم:

گۈل-چېچەك ئېچىلغان باغۇ-ئىرەمدە،
زىلۋا بويى مەلىكە ئولتۇرغان ئىمىش...
ياڭرىتىپ ساتارنى يېقىملىق، بەلەن،
سېپىغا بۇلبۇلنى قوندۇرغان ئىمىش...

ئۇسۇلغا چۈشكەندەك سۇمبۇل چاچلىرى،
شامالدا ئەۋرىشىم يەلپۈنەر ئىمىش.
غۇنچىدەك چىرايلىق سۇمبات ھۆسنىگە
گۈل-چېچەك ئېگىلىپ تەلپۈنەر ئىمىش.

چولپاندەك كۆزىدىن گويا يېغىپ نۇر،
جاھاننى ياقۇتتەك چاقنىتار ئىمىش.



دىلرەبا قولىدا تەڭشەپ پەدىنى،
مۇقاملار كۈيىنى ياڭرىتار ئىمىش:

"ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئۈنىڭكى نالىسىدىن بى ناۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

ئادەمدىن ھەركىشى دۇنياغا كەلدى پېشۋاسى بار،
بۇ يولدا ھەركىمنىڭ كۆڭلىدە بىر مۇددىاسى بار."

بۇلبۇللار، تورغايلار ئۈنلىمەي جىمجىت،
بۇ نازۇك ناۋانى ئاڭلاپ تۇرارمىش.
كۆلدىكى ئۆردەكلەر توختاپ ئۈزۈشتىن،
پەرىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرارمىش.

باغدىكى چىمەنلەر، سۇمبۇللار، تاللار
"سادىغاڭ كېتەي" دەپ چاۋاك چالارمىش.
"ياڭرىتىڭ مۇقامنى ئامانىسا"* دەپ،
مۇبارەك نامىنى تىلغا ئالارمىش...

* ئامانىسا — (1534 — 1567) مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى ئابدۇرېشىت خان دەۋرىدە داڭلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىنى يىغىپ، كلاسسىك مۇزىكا «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلىتىپ قېلىپلاشتۇرغان ۋە يۈرۈشلەشتۈرگەن ئىدى.

مۇقامنىڭ مەرغۇلى ۋايىغا يېتىپ،
يۈرىكىم ئويناقشىپ تېپىرلىغاندا،
تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنىڭ سەزگۈر رىشتىسى
گوياكى يىپەكتەك لىپىرلىغاندا؛

ئۆزەمنى باسالماي قەلبىم جۇش ئۇرۇپ
دەپتىمەن — "بەرمىسۇن قولىڭىزغا دەرت!"
ھاياجان ئىلكىدە كەتتىم ئويغىنىپ،
كۆرگىنىم بىردەملىك چۈش ئىكەن پەقەت.

تاكى تاڭ ئاتقىچە ئىلىنماي كۆزۈم،
ئويلىدىم شائىرە بۇ دىلرەبانى.
زاماندىن-زامانغا كەلمەكتە چاقناپ،
ئۇ تارىخ كۆكىدە چولپان مىسالى.

ئۇيغۇرنىڭ نەپىس كۈي-دىل ناۋاسىغا
سىڭدۈردى بىر ئۆمۈر قان-تەر، ئەجرىنى.
ئەيلىدى نامايەن ھەر بىر مۇقامدا
خەلقنىڭ ئارزۇسى، قايغۇ-دەردىنى.

سازەندە، ھاپىزنى يىغىپ، باش بولۇپ،
چىقتى ئۇ مۇقامنى بىرمۇ-بىر رەتلەپ.



يىگىرمە تۆت ئىلىپ ياڭرىدى مۇقام،
ناخشا-ساز گۈلزارى كۈلدى چېچەكلەپ.

تارقىدى شوھرىتى مۇقامنىڭ نۇردەك،
دېھلىگە، باغداتقا، تېھران، ھىراتقا.
نۇر چاچتى قەدىمىي پايتەخت يەكەن*،
مۇزىكا، ناخشىدا كەڭ كائىناتقا.

بۇ جاينى سەنئەتنىڭ قىبلىگاھى دەپ،
مۇزىكاشۇناسلار ئەيلىدى تاۋاپ.
تىللارغا ئېلىشتى ئامانىسانى
مۇقاملار ئەرشىنىڭ چولپىنى ساناپ.

بىھساپ شائىرلار ئۇنچە، دۇر تىزىپ،
شەنىگە جاراڭلىق ياڭراتتى داستان.
"شۇ نادىر شائىرە، مۇقامشۇناسنىڭ
ئەجرىگە ھەششاللا!" دىدى تىيانشان.

تىيانشان دىدىكى: "ئۇن ئىككى مۇقام
ئەۋلادىم ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك ساداسى.

---

* يەكەن ئەينى يىللاردا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان.

بۇ سادا لەرزىگە سالدى زېمىننى،
جاھان سەنئىتىدە يۈكسەك باھاسى!"

تىيانشان دېدىكى: "ئون ئىككى مۇقام
پەخرىمىز دىللاردا ئۈزۈلمەيدىغان!
مەيلى جۇت-شىۋىرغان، مەيلى بوراندا
تاغۇ-تاش، تۇپراققا كۆمۈلمەيدىغان!"

تىيانشان دېدىكى: "نۇر چاچتى مۇقام،
فارابى*، قىدىرخان**...ئەجرىدەك چاقناپ.
ئۇلاشتى ئاخىرى يېڭى زامانغا
مۇقامچى تۇداخۇن قەلبىدە ياڭراپ."

شۇ مۇقام كۈيىدەك كەزدى جاھاننى
ناۋايى، زەلىلى، لۇتپى نەزمىسى.
بەھرىمەن ئەيلىدى ئىنسانىيەتنى،
مەرىپەت ئەھلىنىڭ گۆھەر غەزنىسى.

---

* فارابى — 9-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئالىم، ئەدىب ۋە مۇقامشۇناس.

** قىدىرخان — سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق مۇقامشۇناس، سازەندە، «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش، يۈرۈشلەشتۈرۈشتە زور تۆھپە قوشقان.



دەۋرىمىز ئۇنىڭغا يېڭى بىر ھايات
بەرگەندە تېخىمۇ چىقتى ئەۋجىگە.
ياڭرىدى بۆلەكچە تەڭكەش-جۇر بولۇپ،
جەڭگىۋار ھاياتنىڭ قايناق مەۋجىگە.

رادىيو، سەھنىدە جاراڭلىسا ئۇ،
چېكىدۇ يۈرەكنىڭ نازۇك تارىنى.
قاندۇرار دىللارنىڭ تەشنالىغىنى،
ئىچكۈزۈپ لىق تولغان شەرۋەت جامىنى.

مۇقامنى ھەۋەستە ئاڭلىغان چېغىم،
كېلىدۇ ئالدىمغا ئاماننىساخان!
كىمكى ئەل-ۋەتەنگە تۆھپىدىن مىراس
قالدۇرسا، ئەۋلاتلار ياد ئېتەر ھامان!

1981-يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

**月 园 集**

**（诗集）**

（维吾尔文）

阿不都克里木·马哈苏提
苏 里 唐·马 合 木 提 著

责任编辑：霍加阿不都拉

责任校对：努尔毕娅

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米 印张： 9 5/8

1982年6月第1版

1982年6月北京第1次印刷

印数：0001—7,500册 定价：0.44元

书号：M10049(4)139